شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە

# ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ - قائىدىلەر سۆزلەنگەن رىسالە

ساجىيە

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە

# ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ - قائىدىلەر
سۆزلەنگەن رىسالە

تەرجىمە قىلغۇچى:
مۇھەممەد قاۋۇل قاراخانىي

ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى
ئىستانبۇل ھ. 1445 / م. 2024

بۇ رىسالە مۇئەللىفنىڭ ئوغلى سەلمان ئابدۇلفەتتاھ نەشرگە تەييارلىغان «دارۇل بەشائىر ئەلئىسلامىييە ـ بېيرۇت (دار البشائر الإسلامية)» ھ. 1440 / م. 2019 ـ يىللىق ئەرەبچە 11 ـ باسمىسى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

نەشر ئۇچۇرى (CIP) Abdulfettah Ebu Gudde / İslam Edebinden Bir Demet

ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە/ من أدب الإسلام ؛ شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە؛ مۇھەممەد قاۋۇل قاراخانىي تەرجىمىسى؛ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى 1 - نەشرى 1 - بېسىلىشى (ئىستانبۇل)، ھ. 1446/ م. 2024؛ جەمئىي 131 بەت.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك كىتاب نومۇرى: ISBN 978-1-959397-71-7

I ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە II شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە؛ مۇھەممەد قاۋۇل قاراخانىي

III ئىسلام ئەخلاقى — ئۇيغۇرچە *IV* ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرجىمە ۋە تەئلىف ئەسەرلىرى – (8)

# ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە / من أدب الإسلام

شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە/ الشيخ العلامة عبد الفتاح أبو غدة

ترجمه إلى الأويغورية: محمد قاوول قاراخاني

---

مۇئەللىف: شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد قاۋۇل قاراخانىي

نەشر قىلغۇچى: ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مۇھەررىرى: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ، ئە. توقۇزئوغۇز

كوررېكتورى: ئابدۇۋەلى ئابلىز، مۇھەممەد بارات

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئى. ئەركىبەگ

ئالاقىلىشىش ئادرىسى: saciyeder@gmail.com

---

نەشر ھوقۇقى «ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خاھلىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

# ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ - قائىدىلەر

سۆزلەنگەن رىسالە

# مۇئەللىپ ھەققىدە

مەلۇمكى، ئىسلام شەرىئىتى ھاياتلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە تەرەپلىرىگە دائىر گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل ئەدەبلەرگە بايدۇر. ئۆممەت ئالىملىرى قۇرئان كەرىم، سۈننەتى سەنىييە ۋە سەلەف سالىھلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىبارەت ئىسلام كانلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن ئەنە شۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق دۇرلىرىنى قېزىپ توپلاشقا ئاتلانغان.

شۇ ئالىملار قاتارىدا مۇرەببىي ئۇستاز، شەيخ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە ھەزرەتلىرى شۇ مەنبەلەردىن ئىسلام ئەدەبلىرىنى قېزىپ توپلاشقا ئاتلىنىپ، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكى، لاتاپىتىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى جەۋلان قىلدۇرۇشقا، يېڭى بوغۇنلارنى ئىسلام ئەدەبلىرى بىلەن تەربىيەلەشكە تىرىشقان ۋە بۇ باردا بىرمۇنچە كىتاب ـ رىسالە، شەرھ ـ ئىزاھلارنى يازغان.

قولىڭىزدىكى بۇ بىباھا رىسالە ئەنە شۇلاردىن بىرسىدۇر.

ئۇشبۇ ئىخچام ۋە مېغىزلىق رىسالىدە مۇئەللىف ئەدەبنىڭ قىممىتى، مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي ئەدەبلەرنى روشەن تىلدا زىكىر قىلغان بولۇپ، خۇسۇسەن: ئۆيگە كىرىش ـ چىقىش، زىيارەت، زىياپەت، كېسەل يوقلاش، سۆھبەت ۋە توي ـ تۆكۈن ئەدەبلىرى؛ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئالدىدا، باشقا چوڭلارنىڭ ئالدىدا رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر؛ سەپەردىن كەلگەن كىشىنى كۈتۈۋالغاندا ۋە سەپەردىن كەلگۈچىنىڭ ئۆزى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلەر؛ مۇسىبەت خەۋىرى يەتكۈزگەندە رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر ۋە تەزىيە ئەدەبلىرى قاتارلىق تېمىلاردا توختالغاندۇر. ئېنىقكى، بۇ ئەدەبلەر گۈزەل مۇسۇلمان كىملىكى تىكلەش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجىل ـ ئىناق بولۇشى ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ھاياتىدا بىلىشى ۋە رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان ئەدەبلەردىندۇر.

ئۇشبۇ رىسالىنىڭ مۇسەننىپى، ئەدەبلىك پەيغەمبەرنىڭ ئەدەبلىك ۋارىسى، سەلەف سالىھلەرنىڭ

داۋامى، رەببانىي ئالىم، فەقىھ ۋە مۇھەددىس، شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى بەشىر ئەبۇغۇددە ھەزرەتلىرى ھ. 1336، 17 ـ رەجەب / م. 1918، 28ـ ئاپرېل[1] سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرىدە ئەدەب ـ ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. شەيخنىڭ نەسەبى ئۇلۇغ ساھابە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدۇ.

شەيخ ئەۋۋەلا ھەلەبتىكى ئەرەب ـ ئىسلام مەكتىپىدە، ئاندىن كېيىن سابىق ئوسمانلى ۋالىيسى خۇسرەۋ پاشا تەرىپىدىن قۇرۇلغان، كۆنىمىزدە «شەرئىي تولۇق ئوتتۇرا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئوسمانىيە خۇسرەۋ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1942 ـ يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئەزھەر شەرىفكە ئوقۇشقا بارغان ۋە 1944 — 1948 ـ يىللىرى ئارىسىدا شەرىئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،



(1) شەيخ ھەققىدە يېزىلغان ئەرەبچە تەرجىمھاللاردا شەيخنىڭ مىلادىيە تۇغۇلغان ۋاقتى تولۇق يېزىلمىغان بولۇپ، ھىجرىيە تۇغۇلغان ۋاقتىنى مىلادىيەگە سۇندۇرغاندا مۇشۇ تارىخقا توغرا كېلىدىكەن. لېكىن، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىدە شەيخنىڭ توغۇلغان كۈنى «1917 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى» دەپ ئېلىنغان، بۇ ھىجرىيە 1335ـ يىلى 17 ـ رەجەبكە توغرا كەلمەكتە. قاراڭ: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، قوشۇمچە 1 ـ جىلد، 362 — 364 ـ بەتلەر. 2024 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى ئۇلىنىش: https:// islamansiklopedisi. org. tr/ebu_gudde_abdulfettah

ئەزھەر ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بويىچە ئوقۇپ، 1950 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ پۈتكۈل ئوقۇش تارىخىدا ھەمىشە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلاچىلاردىن ئىدى.

شەكسىزكى، ئىنسان ئۆزى ئەگەشكەن ئۇستازلىرىدىن ئۈلگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى، مول ئىلمى، سۈزۈك ئەقلى ۋە خاراكتېرلىرىنىڭ، مۇستەقىل مەيدانى ۋە دادىللىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كىشى ھاياتىدا كۆپ ئۇستازلارغا تالىپ بولىدۇ. ئۇلاردىن ھەربىر ئۇستاز خۇش پۇراقلىق بىر گۈلگە ئوخشايدۇكى، بىرىدە بار خۇش پۇراق يەنە بىرىدە يوق. ئۇلار توپلانسا، ئىنسان ئۈچۈن پەزىلەت ۋە ياخشىلىق گۈلىستانى بولىدۇ. شەيخ ئابدۇلفەتتاھ رەھمەھۇللاھ پەزىلەتلىرى، سالىھلىقى، ئىلمى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان نۇرغۇن كاتتا ئالىملاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۆز گۈلىستانىنى بەرپا قىلغان زات بولۇپ، شۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە شەيخنىڭ ئەقلى، پىكرى ۋە ئىلمىگە بەكرەك تەسىر كۆرسەتكەن ئۇستازلىرى باردۇر. شۇ جۈملىدىن:

1. سابىق ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى شەيخ مۇستافا سەبري (ھ. 1286 — 1373 / م. 1869 — 1954).

2. سابىق ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ شەيخۇلئىسلام ۋەكىلى شەيخ مۇھەممەد زاھىد كەۋسەرىي (ھ. 1296 — 1371 / م. 1879 — 1952).

3. دەۋر فەقىھى، شەيخ مۇستافا ئەھمەد زەرقا (ھ. 1322 — 1420 / م. 1904 — 1999).

4. تارىخچى ۋە مۇھەددىس شەيخ مۇھەممەد راغىب تەبباخ (ھ. 1293 — 1370 / م. 1877 — 1951).

5. شافىئىي فەقىھ، شەيخ ئىيسا بەيانۇنىي (ھ. 1309 — 1362 / م. 1891 — 1943).



شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە ئۇستازلىرىغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇستازلىرىنى دائىما تىلغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەيتتى. ئۇ ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ: «سالىھلەرنى زىكىر قىلغاندا، رەھمەت نازىل بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرگەن ھالدا: «ماشايىخ ـ ئۇستازلارنى زىكىر قىلىش رەھمەت ۋە بەرىكەتنىڭ سەۋەبچىسىدۇر» دەيتتى. ئۇ ئۇستازلىرىغا ۋاپادار كىشى ئىدى. يازغان بەزى كىتابلىرىنى «ئەڭ كۆپ پايدا ئالغان ئۇستازىم» دەپ

سۈپەتلىگەن ئۇستازى شەيخ مۇھەممەد زاھىد كەۋسەرىينىڭ روھىغا بېغىشلىغانلىقى ھەمدە شەيخ كەۋسەرىينىڭ ئىسمىنى چوڭ ئوغلىغا قويغانلىقى شۇ ۋاپادارلىقىدىن بىر مىسالدۇر.

شەيخ مىسىردىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتى ھەلەبكە قايتىپ كېلىپ، ھانانۇ، مەئمۇن ۋە سانائى تولۇق ئوتتۇرىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق، شەئبانىيە ۋە خۇسرەۋىييە مەدرەسەلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان (1951 — 1962)؛ ئاندىن سىياسەتكە كىرىپ، سۈرىيە مەجلىسى خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغان (1962). مەجلىس بىكار قىلىنىپ تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. «معجم فقه المحلى لابن حزم» ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1965 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان قانۇن ئالىي ئىنستىتۇتى (كېيىنكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سۇئۇد ئەلئىسلامىييە ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئوقۇتقۇچى ھەمدە ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان. يازلىق تەتىل ئۈچۈن كەلگەن يۇرتى ھەلەبتە دىنغا زىيانلىق كۆرۈنگەن بەزى ئىشلارغا قارشى چىققانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىپ بىر يىلغا

يېقىن زىندانغا بەند قىلىنغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن چىقىپ رىيادقا قايتىپ «جامىئەتۇل ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سۇئۇد ئەلئىسلامىييە»دە 23 يىل دەرس بەرگەندىن كېيىن قىرال سۇئۇد ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەن (1988) ۋە ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن دەم ئېلىشقا چىققان (1990). يەمەن، سۇدان (ئۇمدۇرمان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى)، قاتار، ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلاردا زىيارەتچى ئۇستازلىق قىلغان. ئۇ يەنە مەسجىدتىمۇ دەرس ئۆتكەندىن سىرت، تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەللەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىي يىغىن ۋە كېڭەشلەرگە قاتناشقان. ئوتتۇزدىن ئارتۇق دۆلەت ۋە يۇرتلارنى زىيارەت قىلغان.



يۇزلىگەن شەھەرلەرگە بارغان، شۇ ۋەجىدىن ئۆز دەۋرىدە «ئىلىم سەيياھى» دەپ ئاتالغان.

شەيخ شەرئىي بىلىملەرنى كەڭ ۋە پۇختا ئىگىلەپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇ فىقھى، ئۇسۇلۇل فىقھى، ھەدىس ۋە ئۇسۇلۇل ھەدىس ئىلىملىرىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، بىباھا ۋە پايدىلىق كىتابلارنى تەھقىقلەش ۋە تۈزۈش ئىشلىرىغا بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە ئەرەب تىلى

بىلىملىرى ساھەسىدە كەڭ مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

شەيخ ئابدۇلفەتتاھ نۇرغۇن ئىلىم ۋە دەۋەت سەپەرلىرىدە بولغان. ئۇ گاھ دەرس ئۆتسە، گاھ لېكسىيە سۆزلەيتتى، گاھ ھەرخىل ئىجازەتلەرنى بەرسە، گاھ ئۆزى ئالاتتى. مۇشۇ مەقسەتلەر بىلەن ھىندىستان، پاكىستان، سۇدان، ماراكەش ۋە ئىراقلارغا سەپەر قىلغان. ئۇ مۇشۇ سەپەرلىرىدە ھىندى يېرىم ئارىلىدىن نۇرغۇن ئىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈپلا قالماي، شۇ دىيار ئۆلىمالىرىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي رىسالە ۋە كىتابلىرىنى تەھقىقلەپ، ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدا ئۇلارنى تونۇتۇپ، داڭقىنى چىقارغان. شۇ قاتاردا ئابدۇلھەي لەكنەۋىي، مۇھەممەد ئەنۋەرشاھ كەشمىرىي ۋە زەفەر ئەھمەد تىھانەۋىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلاشقان.



ئەبۇغۇددەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن مۇھەممەد ئال رەشىد ئۇستازى تەھقىقلىگەن ۋە تۈزگەن كىتابلىرى بولۇپ، جەمئىي 73 پارچە كىتابنى تىزىپ چىققان. مۇھەققىقلەر كۆپىنچە ھاللاردا قولىيازما نۇسخىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىش ۋە بەزى يەككە سۆزلەرنى شەرھلەشتىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ. لېكىن، شەيخ

ئەبۇ غۇددەنىڭ تەھقىقلىرى ھەققەتەن شۇ تەھقىقلەنگەن كىتابنى ئىككىنچى بىر كىتابقا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ بىر ئەسەرنى قولىغا ئالسا ئەسلىي كىتابتىكى غۇۋالىقلارنى روشەنلەشتۈرۈش، كەلىمىلەرنىڭ، بولۇپمۇ كىشى ۋە يەر - جاي ئىسىملىرىنىڭ توغرا ئوقۇلۇشىنى بايان قىلىش، نادىر ۋە پايدىلىق مەزمۇنلارنى قىستۇرۇشتىن سىرت، يازغان تەھقىقلىرى بىلەن كۆپىنچە ھالدا پايدا جەھەتتە ئەسلىي كىتابتىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە تاماملايتتى. شۇ جەھەتتىن، ئوقۇغۇچىلار شەيخ تەھقىقلىگەن كىتابلارغا ئېرىشىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى.

ئىسلامنى تونۇشتۇرۇش ۋە ھەدىس شەرىف خىزمىتىگە قوشقان تۆھپە - تىرىشچانلىقلىرىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، ماراكەش (فاس) قىرالى ھەسەن II ۋە برۇنېي سۇلتانى ھەسەن بەلقىيە تەرىپىدىن (لوندون ئوكسفورد ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن 1995 - يىللىق «خەلقئارالىق ھەدىس خىزمىتى مۇكاپاتى» بىلەن) مۇكاپاتلانغان.

ئىلىم پەرۋانىسى بۇ زات ئىلىمگە بولغان سۆيگۈسى، شۇنداقلا ئۆتمۈشتە ئۆتكەن سەلەف ۋە خەلەف ئالىم -

ئەللامەلەرنىڭ تۆھپىلىرىنى دەۋرداشلىرىغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىلىم ۋە ئالىملار ھەققىدە مەخسۇس بىرقانچە كىتاب يازغان. جۈملىدىن، «صفحات من صبر العلماء (ئالىملارنىڭ سەۋرچانلىقلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر)»، «قيمة الزمن عند العلماء (ئالىملارنىڭ نەزەرىدىكى ۋاقىتنىڭ قىممىتى)»، «العلماء العزاب الذين آثروا العلم على الزواج (نىكاھتىن ئىلىمنى ئەلا بىلىپ، بويتاق ئۆتكەن ئالىملار)» قاتارلىقلار.

ئۆز دەۋرىدىكى ھەنەفىي ئالىملارنىڭ ئەكابىرلىرىدىن سانىلىدىغان شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە رەھىمەھۇللاھ بىر مۇجاھىد ئالىمدا بولۇشقا تېگىشلىك كۈچلۈك سالاھىيەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇپ، تىرەن ئىلىم ۋە كەڭ مەلۇمات ئىگىسى ئىدى. ئۆز خەلقى ۋە دەۋرىنىڭ مۈشكۈلاتلىرىغا باش قاتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىز قىسمەتلەرگە دىققەت قىلىپ، غەملىرىدە غەمناك ئىدى. ئۇ ئۆز ئىلمىي سالاھىيىتىگە يارىشا تەمكىن ۋە سالماق، ھەيۋەت ۋە سالاپەتلىك، شېرىن كالام ۋە سۆزمەن ناتىقلىق قاتارلىق سۈپەتلەرنى ھازىرلىغان بولۇپلا قالماي، قەلبكە يېقىن، ئىنكاسى تېز كىشى بولۇپ، ئورۇنلۇق جاۋابلىرى، قىممەتلىك

لېكسىيەلىرى، نادىر تەبلىغلىرى، يېقىملىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان ئادەم خۇددى ئۇنىڭ ئىلمىدىن تەسىرلەنگەندەك، ئەدەب - ئەخلاقىدىنمۇ چوڭقۇر تەسىرلىنەتتى. ئۇ سۆھبەت ۋە مۇئامىلە ئەدەبلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، ئۆز كىتابلىرىدا ھەمدە يازغان ئىزاھ - شەرھلىرىدە ئەدەب - ئەخلاقنى تەكىتلەش، ئەدەبلىك كىشىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ھېكايە قىلىش كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ قاتاردا، شەيخنىڭ قولىمىزدىكى ئۇشبۇ «ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە» ئاتلىق رىسالىسىگە، شۇنداقلا ھارىس مۇھاسىبىينىڭ «رسالة المسترشدين (رىسالەتۇل مۇستەرشىدىين)» ئاتلىق رىسالىسى ۋە ئەبۇلفەتاھ بۇستىينىڭ «الحكم (ئەلھىكەم)» ئاتلىق قەسىدىسىگە يازغان ئىزاھلىرىغا قاراڭ.

شەيخ ئەبۇ غۇددە ئۇستازلار ئالدىدىكى ئەدەب جەھەتتە ئەخلاقى ۋە كەمتەرلىكى بىلەن ئۈلگىلىك كىشى ئىدى. شەيخ مۇستافا زەرقا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان ئەبۇ غۇددە ئۆزى دېمەتلىك سانىلىدىغان شەيخ مۇستافانىڭ قولىغا نەچچە قېتىم

سۆيگەنىدى؛ ئۆزى شەرھ يېزىپ، ئىزاھلىغان «رسالة المسترشدين (رىسالەتۇل مۇستەرشىدىين)»نىڭ تۈنجى نەشرىدىن بىر نۇسخىنى ئېلىپ، ياشتا ئۆزىدىن چوڭ ۋە بىر مەزگىل تالىبى بولغان ئۇستازى مۇھەممەد نەجىب خەيياتەنى يوقلاپ بېرىپ ئۇ زاتقا ھەدىيە قىلىپ، قولىغا سۆيگەنىدى ۋە يەنە باغداتتىكى شەيخ ئابدۇلكەرىم مۇدەررىسنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قوياتتى ۋە سوۋغا تەقدىم قىلاتتى.

قەلبلەر تەبىئىيلا ئۇنىڭغا رام بولۇپ، كۆڭۈللەر ئاڭا مەپتۇن بولاتتى. كىم بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتسە، شۇ كىشى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ قەدىرلىنەتتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ تېزلا قېرىنداش - يارەنلەردىن بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئاشقۇنلۇق ۋە تېز ھاياجانلىنىشتىن يىراق، ئىشلارنى شەرىئەتنىڭ ئىنچىكە مىزانى بىلەن دەڭسەيدىغان كىشى ئىدى. ئەنە شۇ مىزاننى ئۆزىمۇ، شاگىرتلىرىمۇ چىڭ تۇتاتتى.

شەيخ سۇرىيەدە ھەرىكەتچان، جانلىق بىر دەۋەت مەكتىپى قۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ئەمەلىي دەۋەتچىلەر ئۈچ ئەۋلاد ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىلىم دەرياسىنىڭ

تاتلىق سۆيىدىن ئىچىش شەرىپىگە نائىل بولغان ھەممەيلەن بىردەك ئۈنىگدىن ئىپتىخارلىنىدۇ.

1965 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە يۇرتى ھەلەبتە بولۇۋاتقان ئەكسىلئىسلام زوراۋانلىقلار ئالدىدا شەيخ «ئىسلام فرونتى»غا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ ھەلەب ئالىملىرى ئىچىدە ئەجابىي بىر ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدۇ ـ دە، تۈرلۈك چوڭ ـ كىچىك يىغىلىشلاردا ھەلەب ئالىملىرى ئەبۇ غۇددە بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ ۋە كۆپچىلىك ھەلەب مۇسۇلمانلىرى بۇ يىغىلىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆلىمى، كۈچى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

شەيخ ئەبۇ غۇددە خۇسرەۋ مەسجىدىدىكى ھەپتىلىك سۆھبەتلىرىدە مۇنبەر ئۈستىدە نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمان ئامما ئالدىدا ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىكتاتورلۇققا، مۇستەبىتلىككە، سېكۇلارىزمغا ۋە غەربلەشتۈرۈش خاھىشلىرىغا قارشى تۇراتتى. شەيخ مۇستەبىتلەرنىڭ جىنىغا تەگكەچ، ھېلى ئۇياقتىن، ھېلى بۇياقتىن تەھدىتلەر كېلىپ تۇراتتى. ئۇ بىر كۈنى ئورنىدىن

تۇرۇپ، مۇسۇلمان مۇجاھىد ئالىمغا خاس شىجائەت بىلەن مۇنداق دېگەنىدى:

پەرۋاسىزمەن، گەر مۇسۇلمان ھالدا ئۆلسەم،
قايان بولسا ئاللاھ ئۈچۈن يىقىلىشىم.

شەيخ (ئاللاھ ئۇنى ئۆز رەھمىتىگە ئالغاي!) 1966 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، سۈرىيەنىڭ يامان نامى بىلەن مەشھۇر «تەدمۇر چۆل» تۈرمىسىگە 11 ئاي قامالغان. 1967 ـ يىلىدىكى «ئىيۇن ئۇرۇشى» مۇناسىۋىتى بىلەن قاماقتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن رىيادقا قايتىپ، 1990 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققۇچە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلىگەن. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن تەئلىف ۋە تەھقىق ئىشلىرىغا مەركەزلەشكەن. ھ. 1417 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا، رىيادتا ئوڭ كۆزىدىكى تور پەردىسى (Retina) يىرتىلىشى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، شەۋۋالنىڭ 9 ـ كۈنى، م. 1997 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال يەكشەنبە سەھەردە بۇ پانىي ئالەمدە ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت، ئىسلام دەئۋىتى ۋە ئىسلام مائارىپى بىلەن ئۆتكەن 80 يىللىق ئۆمرىنى تاماملاپ باقىي ئالەمگە كۆچكەن. ئالىمنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن جىنازىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئېلىپ بېرىلىپ، مەسجىدى نەبەۋىينىڭ يېنىدىكى بەقىي قەبرىستانلىقىغا

دەپىنە قىلىنغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا چەكسىز رەھمەت بېغىشلىغاي! ئۇنىڭ سۇنغان ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىپ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرگەي، مۇسۇلمانلارنى مەنپەئەتلەندۈرگەن ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن كاتتا مۇكاپاتلىغاي!

**ئالىملارنىڭ شەيخ ھەققىدە ئېيتقانلىرى:**

«ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانساڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇبارەك بىر ئىستىقبالى بار ئىنشائاللاھ»[1].

— ئىمام كەۋسەرىي



«سىز بىلەن ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشۇپ ئۆتكۈزگەن خۇشال كۈنلەردە سىزدىن تەقۋادارلارنىڭ ئىخلاسىنى، مۇئمىنلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى، مۇرىتلارنىڭ سەۋرىنى كۆردۈم. شۇ كۈنلەردە سىزدىن زاھىر بولغان ساغلام تەبىئەت، قىزغىن دوستانىلىك ۋە گۈزەل ھەمراھلىقنى ئۇنتۇمايمەن».

— ئىمام مۇھەممەد ئەبۇزەھرە

(1) ئىمام كەۋسەرىينىڭ ھ. 1368 - يىلى / م. 1949 - يىلى شەيخ مۇستافا زەرقاغا يازغان خېتىدىن. خەتنى مەجد مەككىي ئۆزىنىڭ فەيسبۇك سەھىپىسىدە ئېلان قىلغان.

«مۇھەققىق ئەللامە، مۇھەددىس فەقىھ، شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە قېرىندىشىمىزنى يوقتىپ قويۇش بىلەن ئىلىم ۋە پەزىلەتتىن چوڭ بىر ئىسلامىي خەزىنىنى يوقتىپ قويدۇق. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ئىلىمدە، پەزىلەت ۋە بەسىرەتتە يۈكسەك چوققا ئىدى. سۈلۈكى، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقى بىلەن گۈزەل نەمۇنە ئىدى. ئىلىم تەقۋالىقتىن ئاجراپ كەتكەن بۇ دەۋردە ئۇنىڭ ئوخشىشى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە ئىلىم ئالىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بولماستىن، بەلكى كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. نەگىلا قارىسا تەقۋالىقتىن ئۇزاق ئالىم، بەسىرەت ۋە ئىلىمدىن ئۇزاق تەقۋا تولۇپ كەتتى. ئۆزىنى ئاللاھقا ۋە ئىلىمگە ئاتاپ، ئىلىم ئامانىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئالغانلار ئىنتايىن ئازدۇر. قېرىندىشىمىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) شۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلغان ئاز سانلىق كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىلمى، سۈلۈكى ۋە خۇلقىدا سەلەف سالىھكە ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك قىلغان سەلەف سالىھنىڭ بىر داۋامى ئىدى».

— ئەللامە مۇستافا ئەھمەد زەرقا

«سەلەف سالىھلەرنىڭ داۋامى، بۇ دەۋردىكى مۇھەددىسلەرنىڭ تايانچى، ئەللامە، مۇھەددىس ۋە فەقىھ، ئۇسۇلىي ۋە مۇھەققىق، سالىھ ۋە تەقۋادار ھەم دەۋەتچى، ھۆرمەتلىك شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە...»

— ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي

«پىشقان مۇھەققىق ئەللامە، بۈيۈك مۇھەددىس، شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە رەھىمەھۇللاھ ئىلىمدىكى چوڭقۇرلۇق، كەڭ مەلۇمات، ئىنچىكە تەھقىق، ئۆتكۈر پەم قاتارلىقلاردا ئوخشىشى ئاز كۆرۈلىدىغان يەكتا ئالىملاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ پەرھىزكار، تەقۋادار، سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە ئېسىل ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلا ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى».

— پاكىستان قازىسى شەيخ مۇھەممەد تەقىي ئۇسمانىي

«بىزنىڭ شەيخ ئەبۇغۇددەگە قارىتا باھايىمىز: شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە ئىمانى كۈچلۈك، ئەخلاقى ئېسىل، قەدىمى مۇستەھكەم، سالىھ بىر كىشىدۇر. ئۇ ئىسلامىي ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، ھەدىس

ئىلىملىرىنى ئۆز مەنبەلىرىدىن، ئەسلىي ۋە فەرئىي، كونا ۋە يېڭى كىتابلاردىن تەتقىق قىلغۇچى چوڭقۇر ئىلىملىك زاتتۇر. خۇددى ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆلىمالىرىغا ئوخشاش فىقھىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە مەزھىبى ئاساسىدا تەتقىق قىلغۇچىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئەللامىسى شەيخ مۇستافا زەرقا ۋە باشقا ئالىملارغا شاگىرت بولغان. شۇنداقلا ئۇ شافىئىي مەزھىبى ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىنمۇ خەۋەرداردۇر».

— ئەللامە يۇسۇف قەرەداۋىي



**ئەسەرلىرى**

شەيخنىڭ ئۆز قەلىمىگە ئائىت بەزى كىتابلار:

1. **لمحات من تاريخ السنة وعلوم الحديث** (سۈننەت تارىخى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىگە قىسقىچە نەزەر)

2. **السنة وبيان مدلولها الشرعي** (سۈننەت ۋە ئۇنىڭ شەرئىي مەنىسىنىڭ بايانى)

3. **الإسناد من الدين** (ئىسناد دىنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر)

4. **الرسول المعلم** (مۇئەللىم پەيغەمبەر)

5. مسألة خلق القرآن وأثرها في صفوف الرواة والمحدثين وكتب الجرح والتعديل (قۇرئاننىڭ مەخلۇق ياكى ئەمەسلىكى مەسىلىسى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ راۋىي، مۇھەددىسلەرگە ھەمدە جەرھ ـ تەئدىل كىتابلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى)

6. صفحات من صبر العلماء (ئالىملارنىڭ سەۋرلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر)

7. العلماء العزاب الذين آثروا العلم على الزواج (نىكاھتىن ئىلىمنى ئەلا بىلىپ، بويتاق ئۆتكەن ئالىملار)

8. قيمة الزمن عند العلماء (ئالىملارنىڭ نەزەرىدىكى ۋاقىتنىڭ قىممىتى)

9. تحقيق اسمي الصحيحين («سەھىھەين»نىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەھقىقى)

10. كلمات في كشف أباطيل وافتراءات (باتىللار ۋە تۆھمەتلەرنى ئاشكارىلاش توغرىسىدىكى كەلىمىلەر) (شەيخ ئالبانىي ۋە زۇھەير شاۋىشقا رەددىيە)

11. تراجم ستة من فقهاء العالم الإسلامي (ئىسلام ئالەمى فەقىھلىرىدىن ئالتىسىنىڭ تەرجىمھالى)

12. من أدب الإسلام (ئىسلام ئادابىدىن بىر دەستە)



ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

شەيخ تەھقىقلەپ نەشرگە تەييارلىغان بەزى كىتابلار:

ئىمام لەكنەۋىي: «**الرفع والتكميل في الجرح والتعديل**»

ئىمام هارىس ئەلمۇهاسىبىي: «**رسالة المسترشدين**»

ئىمام ئەنۋەرشاھ كەشمىرىي: «**التصريح بما تواتر في نزول المسيح**»

هافىز زەھەبىي: «**الموقظة في مصطلح الحديث**»

ئەللامە زەفەر ئەھمەد ئوسمانىي تىھانەۋىي: «**قواعد في علوم الحديث**»

ئىمام موللا ئەلى قارىي: «**فتح باب العناية**»

هافىز سەخاۋىي: «**المتكلمون في الرجال**»

هافىز ئىبنى ئابدۇلبەر: «**الانتقاء في فضائل الثلاثة الأئمة الفقهاء**»

ئەبۇلفەتھ بۇستىي: «**قصيدة عنوان الحكم**»

ئىمام كەۋسەرىي: «**فقه أهل العراق وحديثهم**»

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

1. ساجىيە ئىسلام بىلىملىرى تورى: «سۈرىيەنىڭ بىرىنچى شەيخى ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە» ناملىق ماقالە؛

2. مۇھەممەد ئال رەشىد: «إمداد الفتاح بأسانيد ومرويات الشيخ عبد الفتاح»، مەكتەبەتۇل ئىمام ئەششافىئىي نەشرى؛

3. د. يۈسۈف قەرەداۋىي: «في وداع الأعلام»، ئەددارۇششامىييە ـ تۈركىيە نەشرى؛

4. ئا. ئە. سۇلايمان ئەقىيل: «من أعلام الدعوة والحركة الإسلامية المعاصرة»، دارۇتتەۋزىئى ۋەننەشر ئەلئىسلامىييە نەشرى؛

5. Muhammed Beyler, “Ebû Gudde, Abdülfettâh”, Türkiye Diyanet Vakfı İslâm Ansiklopedisi (Ankara: TDV Yayınları, 2016; Ek 1:362-364;



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

ئەڭ گۈزەل ھەمدۇسانا ۋە تەزىملەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بولسۇن. ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد ۋە سالاملار سەرۋەرى ئالەم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە بولسۇن، شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ يولىغا ۋە ئەدەبلىرىگە ئەگەشكەن، تەقۋادار، پاك ئائىلە ـ تاۋابىئاتى، ئەسھابلىرى ۋە تابىئىنلىرىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! سۆز ۋە ئەمەللىرىمىزدە ئۇلارغا ئەگىشىشنى بىزلەرگە نېسىپ قىلغىن، ئەجەل كەلگەندە بىزنى ئۇلارنىڭ سۈننىتى ۋە مۇھەببىتى ئۈزرە ۋاپات تاپقۇزغىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! پېقىر نۇرغۇن مۇسۇلمان ۋە مۇسلىمە قېرىنداش، دوست ـ يارەنلىرىمنىڭ ھەق ئىسلامنىڭ زۆرۈر ئەدەب ـ قائىدىلىرىدىن غاپىل قېلىشى ياكى ناتوغرا تەتبىقلاشلىرىغا شاھىد بولدۇم. شۇ

ۋەجدىـن مەزكـۇر ئـەدەب ـ قائىـدىلەرنـى ئەسـتايىل تىزىـپ چىقىـپ كىشـىلەرنىڭ سـەمىگە ھاۋالـە قىلىـش مەقسـىتىدە قولىڭىزدىكـى «ئىـسلام ئادابىدىــن بىــر دەســتە»[1] دەپ ئاتالغـان ئۇشـبۇ كىچىـك رىسـالىنى يېزىـپ چىقتىـم. دەرۋەقـە مـەن قېرىنداشـلىرىمغا بـۇ ئەدەبلـەردە ئۇلاردىـن ياخشـىراق ھەمـدە بىھاجـەت بـىر كىشـى ئەمەسـمەن. نىيىتىـم پەقـەتلا ﴿**ۋەز ـ نەسـىھەت قىلغىـن، ۋەز ـ نەسـىھەت مۇئمىنلەرگـە مەنپەئـەت قىلىدۇ**﴾(51/«زارىيات»: 55) دېگـەن ئوچـۇق ئەمرگـە بويسـۇنۇش ۋە ھەقنـى، سـەبرنى تەۋسـىيە قىلىشـتۇر. ئـاللاھ مېنـى ۋە قېرىنداشـلىرىمنى ۋەز ـ نەسـىھەت بىلـەن ئىھيـا قىلغـاي ۋە بـۇ رىسـالە بىلـەن مەنپەئەتلەندۈرگـەي! دۇنيـا ـ ئاخىرەتتـە بىزگـە ئۆزىنىـڭ ئىنايىتـى ۋە ھىدايىتـى بىلـەن ئىگـە بولغاي! ئـۇ ھەقىقەتـەن سالىھلەرگە ئىگە بولىدىغان زاتتۇر.

ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇدد

ھ. 1412، 1 ـ مۇھەررەم، رىياد.

(1) مۇئەللىفتىــن ئەسـكەرتىش: بـۇ رىسـالىدىكى ھەدىسـلەر سـەھىھ ياكـى ھەسـەن ھەدىستۇر.

# ئىسلام — گۈزەللىكتۇر، ئەدەب — كامالەتنىڭ بەلگىسىدۇر

شۈبھىسىزكى، ھەق ئىسلامنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەدەب - پەزىلەتلىرى باردۇركى[1]، بۇ ئەدەب - پەزىلەتلەر چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىگە ئورتاقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**ئاياللار ئەرلەرنىڭ جۈپتلىرىدۇر**»[2] دېگەن، شۇڭا ئەر كىشىدىن تەلەپ قىلىنغان ئىسلامىي ئەدەب ئايال كىشىدىنمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى،



---

(1) ئىسلام ئەدەبلىرى ھەتتا ھاجەتخانىغا قانداق كىرىش، قانداق چىقىش، قانداق ئولتۇرۇش، قانداق ئىستىنجا قىلىشتەك ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى مۇشرىكلار ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ۋە زاڭلىق قىلىپ، سەلمان فارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار قانداق ھاجەت قىلىشىقىچە ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىدىكەن» دېگەندە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە! ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىدۇ (بىز ھاجەت ئەدەبلىرىگىچە ھەممە نەرسىدە پەيغەمبىرىمىزگە موھتاجمىز). پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى چوڭ - كىچىك ھاجەت قىلغاندا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشتىن، ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن، ئۈچتىن ئاز تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توستى» دېگەن. مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

(2) ئەبۇداۋۇد (1 / 162)، تىرمىزىي (1 / 127)، ئىمام ئەھمەد (6 / 256) رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ «تىرمىزىي»دىكى تېكىستى: «**نَعَمْ إِنَّ النِّسَاءَ شَقَائِقُ الرِّجَالِ**».

مۇسۇلمان جەمئىيەت ئەر ۋە ئاياللاردىن تەشكىل تاپىدۇ، ئىسلام ئىنسانىيەت ئىچرە ئەر ۋە ئايال ئارقىلىق نامايان بولىدۇ ۋە تونۇلىدۇ.

ئىسلام بۇ ئەدەبلەرنى مۇئمىن كىشىلىكىنىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە ئىنسانلارئارا ئىتتىپاقلىقنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تەرغىب قىلغان ۋە خالايىقنى بۇنىڭغا دەۋەت قىلغان. شەكسىزكى، ئەنە شۇ ئەدەب ـ پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلىنىش مۇسۇلماننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ھۆسن قاتىدۇ، گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدۇ ۋە مۇسۇلماننىڭ كىشىلىكىنى سۆيۈملۈك كۆرسىتىپ، ئۇنى قەلبلەرگە يېقىن قىلىدۇ.

بۇ رىسالىدە زىكىر قىلىنىدىغان ئەدەبلەر شەرىئەتنىڭ جەۋھىرى ۋە مەقسەتلىرى قاتارىدىندۇر. گەرچە بۇ يەردە «ئەدەب» دەپلا ئاتالسىمۇ، بۇ ھەرگىزمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا قىلسىمۇ ـ قىلمىسىمۇ بولىدىغان ياكى قىلسا ئەۋزەل بولىدىغان ئاددىي ئىشلار دېگەنلىك بولمايدۇ.

ئىمام قەرافىي «ئەلفۇرۇق» ناملىق كىتابىدا ئەمەلگە سىلىشتۇرغاندا، ئەدەبنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى، مەرتىۋىدە ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ئاز ئەدەب كۆپ ئەمەلدىن



ساجىدە ئىسلام ئۇچۇرلىرى

ياخشىراقتۇر. شۇڭا، رىۋايەت (سالىھ ۋە ئالىم بىر كىشى) ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «ئەي ئوغلۇم! ئەمەلنىڭ تۈزدەك، ئادابنىڭ ئۇندەك بولغاي. يەنى ئەدەبلەرنى شۇ قەدەر كۆپ ھاسىل قىلغىنكى، خىمىردا تۇزغا نىسبەتەن ئۇن كۆپ بولغاندەك، ئەدەبلەر شۇنداق كۆپ بولسۇن. ئەدەب ئاز بولۇپ ئەمەلىنىڭ كۆپ بولغىنىدىن كۆرە ئەدەب كۆپ بولۇپ ئەمەلىنىڭ ئاز بولغىنى ياخشىراقتۇر».

مەنچە، بەزىدە بىرەر ئەدەب ھەققىدە ئازراق بىپەرۋالىق كۆرۈلۈپ قالسا، ئەسكەرتىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. دەرۋەقە، ئارىمىزدا مۇشۇنداق ئۇپئۇچۇق ئىشلاردىمۇ خاتالىشىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل بولۇشقا تېگىشلىك مۇسۇلمان كىملىكىنى زىيدىلەپ قويۇۋاتقانلىرىمىز ئاز ئەمەس. جانابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئۆپچۆرىسىدىكى بەزى ساھابە كىراملارغا قىلغان ئۇشبۇ سۆزى ئەدەبنى ئەسكەرتىپ قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ:

**«إنكم قادِمُونَ على إخوانِكم، فأصْلِحُوا رِحَالكُم، وأصْلِحُوا لباسَكُم، حتى تكونوا كأنكم شامةٌ في الناسِ، فإن اللَّهَ لا يُحب الفُحْشَ ولا التّفَحُّشَ (سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بارىسىلەر، شۇڭا**

**كىيىملىرىڭلارنى چىرايلىق قىلىڭلار، يۈك - تاقلىرىڭلارنى رەتلىك قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار كىشىلەر ئارىسىدا سالاپەتلىك بولىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەھۋەنلىك ياكى قەستەنلىك بىلەن سادىر بولغان قەبىھ سۆز ۋە قەبىھ ھەرىكەتنى ياخشى كۆرمەيدۇ)».** (بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد ھەمدە ھاكىم «مۇستەدرەك»تە سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان)

شۇڭا، كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقى كىيىمىنىڭ چىرايلىق، تەقى - تۇرقىنىڭ رەتلىك، قىياپىتىنىڭ كۆركەم بولۇشىدىن بىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. توغرا يول ئاللاھتىندۇر.

ساجيه

# 1

ئۆيىڭىزگە كىرگەن ـ چىققان چېغىڭىزدا، ئىشىكنى قاتتىق ئىتتەرمەڭ ياكى ئىشىكنى ئۆزلۈكىدىن قاتتىق يېپىلىشىغا قويۇپ بەرمەڭ. چۈنكى، بۇ ئىش سىز مەنسۇپ بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئىسلامنىڭ نازاكىتىگە زىتتۇر. بەلكى ئىشىكنى قولىڭىز بىلەن سىلىق يېپىپ قويۇڭ. سىز بەلكىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ سۆزىنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن: «**إِنَّ الرِّفْقَ لَا يَكُونُ فِي شَيْءٍ إِلاّ زَانَهُ، وَلَا يُنْزَعُ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا شَانَهُ** (قايسى نەرسىدە مۇلايىملىق **بولىدىكەن، ئۇ نەرسە گۈزەللىشىدۇ؛ قايسى نەرسىدە مۇلايىملىق بولمايدىكەن، ئۇ نەرسە سەتلىشىدۇ**)». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

## 2

ئۆيىڭىزگە كىرگەن ـ چىققان چېغىڭىزدا، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئەھلى ئائىلىڭىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ سالامى، ئىسلامنىڭ نىشانەسى بولمىش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھ» بىلەن سالام قىلىڭ، بۇ ئىسلامىي سالامنى تاشلاپ «خەيرلىك ئەتىگەن» ياكى «مەرھابا» دېگەندەك باشقا سالاملارنى قىلماڭ. باشقىچە سالام بېرىشىڭىز ئىسلامىي سالامنى زايە قىلغانلىقتۇر. ھالبۇكى ئىسلامىي سالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن يولغا قويۇپ بەرگەن، ئۆزى سۆيۈملۈك خىزمەتكارى ئەنەسكە تەلقىن قىلىپ بەرگەن ئىسلامنىڭ سىمۋولىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ نىشانەسىدۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: **«يَا بُنَيَّ إِذَا دَخَلْتَ عَلَى أَهْلِكَ، فَسَلِّمْ، يَكُونُ بَرَكَةً عَلَيْكَ، وعلى أَهْلِ بَيْتِكَ** (ئەي **ئوغۇلچىقىم! ئەھلىڭ قېشىغا كىرسەڭ، سالام قىلغىن، سالام ساڭا ۋە ئەھلىڭگە بەرىكەت بولىدۇ)»** دېدى. (تىرمىزىي

رىۋايەت قىلغان)

مەشھۇر كاتتا تابىئىنلەردىن بىرى بولغان قەتادە: «ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، ئەھلىڭگە سالام قىلغىن، چۈنكى ئۇلار سالام قىلىشىڭغا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«إِذَا انْتَهى أَحَدُكُمْ إِلَى مَجْلِسٍ فَلْيُسَلِّمْ، فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَقُومَ فَلْيُسَلِّمْ، فَلَيْسَتِ الأُولَى بِأَحَقَّ مِنَ الآخِرَةِ (سىلەردىن بىرەركىم سورۇنغا كەلسە سالام قىلسۇن، سورۇندىن قوپماقچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن. بىرىنچى سالام ئىككىنچى سالامدىن ئەۋزەل ئەمەستۇر (يەنى ئىككىلى سالام ئەۋزەللىكتە باراۋەردۇر)»** دېگەن. (تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان)

# 3

ئۆيىڭىزگە كىرەر چېغىڭىزدا، ئۆيدىكىلىرىڭىزنى تۇيۇقسىز چۆچۈتۈپ قويماسلىق ياكى سىزنىڭ گويا ئۇلارنى ماراۋاتقان ماراقچىدەك بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، كىرىشتىن ئالدىن شەپە بېرىپ قويۇڭ. ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر: «دادام ئۆيگە كىرسە، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىدىن شەپە بېرىپ گەپ قىلاتتى ۋە يۆتىلىپ قوياتتى» دېگەن.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ: «كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە يۆتىلىپ قويۇشى ياكى ئىككى ئايىغىنى يەرگە ئۇرۇپ قويۇشى مۇستەھەبتۇر» دېگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ: «دادام مەسجىدتىن ئۆيگە قايتسا، ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن، كىرىدىغانلىقىدىن شەپە بېرىپ، ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ قوياتتى، گاھىدا يۆتىلىپ قوياتتى» دېگەن.

شۇڭلاشقا، بۇخارىي ۋە مۇسلىمدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ (سەپەردىن ياكى باشقا بىر ئىشتىن قايتقىنىدا) كېچىدە ئۆيدىكىلىرىنىڭ قېشىغا گويا پايلاقچىدەك ياكى ئەيىب ئىزدىگۈچىدەك تۇيۇقسىز كىرىشىدىن توستى».



ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 4

بىرەر ئائىلە ئەزايىڭىز ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىكى چاغدا سىز ئۇنىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى ئۆزىمۇ، سىزمۇ خاھلىمايدىغان ئەپسىز ھالەتتە كۆرۈپ سالماسلىق ئۈچۈن، كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئىجازەت سوراڭ، مەيلى ئۇ جۈپتى ھالالىڭىز بولسۇن، مەيلى ئانىڭىز، يا دادىڭىز، يا قىزىڭىز ۋەيا ئوغلىڭىزدەك مەھرەمىڭىز بولسۇن.



ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتا»دا ئەتائ ئىبنى يەساردىن مۇرسەل ھالەتتە مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوئال سوراپ:

— (ئانامنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن) ئانامدىن ئىجازەت سورامدىمەن؟ — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

— **ھەئە**، — دېدى. ھېلىقى كىشى:

— مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىمەن! — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— **(شۇنداقتىمۇ) ئاناڭدىن ئىجازەت سورا**، — دېدى. ھېلىقى كىشى:

— مەن ئانامنىڭ خىزمەتكارىمەن، — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— **(شۇنداقتىمۇ) ئاناڭدىن ئىجازەت سورا، سەن ئاناڭنى يالىڭاچ ھالدا كۆرۈپ قېلىشنى خاھلامسەن؟** — دېدى. ئۇ كىشى:

— ياق، — دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ:

— ئەمىسە، **ئاناڭدىن ئىجازەت سورا!** — دېدى».



بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئانامنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىشىم كېرەكمۇ؟ — دېۋىدى، ئابدۇللاھ:

— ئاناڭنى ھەر قانداق ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى خاھلىمايدىغانسەن؟! — دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى زەينەب ئېيتىدۇ: «ئابدۇللاھ بىرەر ئىشتىن قايتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، قېشىمىزغا ئۇيسۇپ كىرىشنى ياقتۇرمىغاچ،

يۆتىلىپ قوياتتى»﴿. «ئىبنى ماجە»دىكى بىر رىۋايەتتە: «ئابدۇللاھ كىرگەندە ئاۋازىنى چىقىرىپ يۆتىلىپ قوياتتى» دەپ كەلگەن.

بىر ئادەم ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەمانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ:

— ئانامنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىشىم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

— ھەئە! سورىشىڭ كېرەك، ئەگەر ئاناڭدىن ئىجازەت سورىمايلا كىرسەڭ، ئۆزۈڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ قالىسەن، — دېدى.



ئۇلۇغ ساھابە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى تابىئىن مۇسا ئېيتىدۇ: «(بىر كۈنى) دادام بىلەن ئانامنىڭ قېشىغا كەلدىم. دادام كىردى، مەنمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرىۋېدىم، دادام بۇرۇلۇپلا مەيدەمدىن ئىتتىرىپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە: ‹سەن ئىجازەتسىزلا كىرەمسەن؟!› دېدى».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى نافىئ ئېيتىدۇ: «ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىرەر بالىسى بالاغەتكە يېتىپ قالسا، ئىبنى ئۆمەر ئۇ بالىسىنى

ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىن يىراق تۇتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بالىسى ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئىجازەتسىز كىرمەيتتى».

ئىبنى جۇرەيج ئەتائ ئىبنى ئەبۇرەباھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ: «مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

— سىڭىللىرىمنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئىجازەت سورىشىم كېرەكمۇ؟ — دېۋىدىم، ئىبنى ئابباس:

— ھەئە! — دېدى. مەن:



— ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈمدە، مېنىڭ پەرۋىشىم ئاستىدا، مەن ئۇلارنىڭ چىقىمىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۇلارغا نەپىقە بېرىمەن. (شۇ ھالەتتىمۇ ئۇلاردىن ئىجازەت سورامدىمەن؟) — دېۋىدىم، ئىبنى ئابباس:

— ئەجەبا، سەن سىڭىللىرىڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى خالامسەن؟! — دېدى، ئاندىن ئۇشبۇ ئايەتنى قىرائەت قىلدى: ﴿**وَإِذَا بَلَغَ ٱلْأَطْفَٰلُ مِنكُمُ ٱلْحُلُمَ فَلْيَسْتَـْٔذِنُواْ كَمَا ٱسْتَـْٔذَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ**﴾ ﴿**كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە**

**ۋاقىــت) ئىجــازەت سورىســۇن**﴾[«نۇر»: 24/59]. ئىبنــى ئاببــاس ئېيتــدۇ: «(ئاللاھنىــڭ ئەنــە شــۇ پەرمانىغــا بىنائــەن) ئىجازەت سوراش ھەممە ئادەمگە ۋاجىبتۇر».

ئابـدۇللاھ ئىبنـى مەسئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكـى: «ئەر كىشـى ئاتا - ئانىسـى ۋە قېرىنداش - ھەمشـىرىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىشى كېرەك».

جابىــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئېيتىدۇكــى: «ئــەر كىشــى ئۆزىنىــڭ باللىــرىدىن، قېــرى بولســىمۇ ئانىســىدىن ۋە دادىســىدىن، ئــاكا - ئــۇكا ۋە ئىگىچــە - سىڭىللىرىدىن ئىجازەت سورىشى كېرەك».

بــۇ رىۋايەتلەرنىــڭ كۆپىنــى ئىمــام بۇخارىــي ئۆزىنىــڭ «ئەلئەدەبــۇل مۇفــرەد» ناملىــق كىتابىــدا كەلتۈرگــەن. بەزىسىــنى ئىمــام ئىبنــى كەسىــر ئۆزىنىــڭ تەپسىــر كىتابىــدا يۇقىرىقى ئايەتنى كەرىمەنى تەپسىرلىگەندە كەلتۈرگەن.

# 5

قېرىندىشىڭىز، دوستىڭىز، تونۇشىڭىز ياكى خاھلىغان بىر كىشىنىڭ ئىشىكىنى چەكسىڭىز، ئاڭلانغۇدەكلا بوشراق چېكىڭ، زالىم زومىگەرلەردەك قاتتىق چەكمەڭ. بولمايدىكەن، ئۆيدىكى ئادەمنى قورقۇتۇپ قويىسىز ۋە ئەدەبكە دەخلى يەتكۈزۈپ قويىسىز. بىر خاتۇن ئىمام ئەھمەدنىڭ — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ئۆيىگە بىر دىنىي ئىش توغرۇلۇق (پەتىۋا) سوراش ئۈچۈن كېلىپ، ئىشىكنى ئازراق قوپال چەككەنىكەن، ئىمام ئەھمەد چىقىپ: «سىزنىڭ بۇ چېكىشىڭىز بەئەينى قاتتىق قول چېرىكلەرنىڭ چېكىشىگە ئوخشاپ قالدى» دېگەنىكەن.



«ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»تە ئىمام بۇخارىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ساھابەلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئەدەب يۈزىسىدىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكىنى تىرناقلىرى بىلەن چېكەتتى.

ھۇجرىسى ئىشىككە يېقىن كىشىنىڭ ئىشىكى

مۇشۇنداق سىلىق، بوش چېكىلىشى لازىم. ئەمما ھۆجرىسى ئىشىككە يىراقراق كىشىنىڭ ئىشىكنى ھۆجرىدا تۇرغان كىشى ئاڭلىغۇدەك تەرزدە چەكسە بولىدۇ. لېكىن قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان: «**قايسى نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسە گۈزەللىشىدۇ، قايسى نەرسىدە مۇلايىملىق بولمايدىكەن، ئۇ نەرسە سەتلىشىدۇ**» دېگەن ھەدىس شەرىفتىن سىرت، رەسۇلۇللاھ يەنە: «**مَنْ يُحْرَمِ الرِفْقَ، يُحْرَمِ الخَيْرَ كلَّهُ (كىمكى مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قالىدىكەن، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ)**» دېگەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)



ئىشىكنى بىر قېتىم چەككەندىن كېيىن، ئۇلاپ قايتا ـ قايتا چېكىۋەرمەي، بىر مەھەل ساقلاڭ. ئۆي ئىگىسى تاھارەت ئېلىۋاتقان بولسا، تاھارىتىنى ئالدىرىماي ئېلىۋالسۇن؛ ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، نامىزىنى ئالدىرىماي ئوقۇۋالسۇن؛ تاماق يەۋاتقان بولسا، ئالدىرىماي يەۋالسۇن. بەزى ئالىملار ئىككى قېتىملىق چېكىش ئارىسىدا تۆت رەكئەت ناماز مىقدارى ساقلاش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. چۈنكى، ئۆي ئىگىسى سىز ئىشىك چېكىشنى باشلىغان ۋاقتىڭىزدا نامىزىنى ئەمدىلا

باشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۈچ قېتىم چەككەندىن كېيىن (ئىشىك يەنىلا ئېچىلمىسا)، «ئەگەر ئالدىراش بولمىغان بولسا ئىشىكنى ئاچاتتى - ھە» دېگەن ئويغا كەلمىسىڭىز، قايتىپ كېتىڭ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**مَنِ اسْتَأْذَنَ ثَلاثًا فَلَمْ يُؤَذَنْ لَه، فَلْيَنْصَرِفْ (بىرىڭلار ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىسا، ئىجازەت بېرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن)**» دېگەن. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)



ئىجازەت سورىغان چېغىڭىزدا، (ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن) ئىشىك ئاغزىدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالماي، ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇڭ. چۈنكى، «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي، ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

ساجىيە

# 6

بىرەر قېرىنداشىڭىزنىڭ ئىشىكىنى چەكسىڭىز، ئىچكىرىدىن: «كىمۇ؟» دېگەن سوئال كەلسە، ئۆزىڭىزنىڭ تونۇشلۇق ئىسمىڭىز بىلەن ئوچۇق قىلىپ: «مەن پالانى» دەڭ. «ۋوي مەنغۇ... ئېچىڭە...» دېگەندەك ئۆي ئىچىدىكى ئادەم ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىكىنى ئۇقالمايدىغان جاۋابلارنى بەرمەڭ. ئاۋازىمنى تونۇيدۇغۇ دەپ ئويلىۋالماڭ. چۈنكى، ئاۋاز دېگەن بەزىدە ئوخشىشىپ قالىدۇ. سىز ئىشىكنى چەككەن ئۆيدىكى ھەممە ئادەم سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى تونۇيدىغان ياكى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇۋەرمەيدۇ. قولاق دېگەنمۇ ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرۈشتە گاھى خاتالىشىپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىك چەككۈچىنىڭ «مەن» دېيىشىنى يامان كۆرگەن. چۈنكى، ئۇ سۆز ھېچ نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇخارىي ۋە مۇسلىملەر جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە

كېلىپ، ئىشىكنى چېكىۋېدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— **كىمۇ؟** — دېدى. مەن:

— مەن، — دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزۈمنى يامان كۆرگەندەك:

— **كىمۇ، مەن دېگەن؟!** — دېدى».

شۇڭا، ساھابە كىراملار ئىشىك چەككەندە «كىم؟» دېيىلسە، ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى دەيتتى.



بۇخارىي ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر كېچىسى تالاغا چىقىپ قارىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى يالغۇز مېڭىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاينىڭ يورۇقىدا ماڭدىم. ئۇ زات بۇرۇلۇپ قاراپ مېنى كۆرگەندىن كېيىن:

— **كىمۇ بۇ؟** — دېدى. مەن:

— ئەبۇزەر، — دېدىم».

بۇخارىي ۋە مۇسلىم يەنە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاچىسى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىنىڭ

قىـزى بولغـان ئۇممـۇ ھانىئىتىن ئۇنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلغـان: «مـەن پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنىغـا كەلسـەم، ئـۇ زات يۇيۇنۇۋاتقـان، فاتىمـە بولسـا پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە پـەردە تارتىـپ تۇرغـان ئىكـەن. شـۇنىڭ بىلـەن پەيغەمبـەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— **كىمۇ؟** — دېۋىدى، مەن:

— مەن ئۇممۇ ھانىئمەن، — دېدىم».



ساجىيە

# 7



بىرەر قېرىندىشىڭىزنى ئالدىن دەپ قويمايلا زىيارەت قىلىپ كەلگىنىڭىزدە، قېرىندىشىڭىز زىيارەتچى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزرە ئېيتسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىڭ. چۈنكى، ئۆزى ۋە ئۆيىنىڭ ھالىنى ئۇ ياق ئۆزى ياخشى بىلىدۇ. بەلكىم شۇ چاغدا سىزنى كۈتۈۋېلىشى ئەپسىز بولىدىغان بىرەر قىيىنچىلىقى باردۇر. شۇنداق ۋاقىتتا قېرىندىشىڭىزنىڭ زورۇقماستىن سىزگە ئۆزرە ئېيتىش ھەققى بار. ئۇلۇغ تابىئىن قەتادە ئىبنى دىئامە سەدۇسىي: «سېنى ئۆيىگە باشلىمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇۋالما. سېنىڭ ھاجەتلىرىڭ بولسا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكى باردۇر. ئۆزرىگە ئۇلار بەكرەك لايىقتۇر» دېگەن.

ئىمام مالىك: «ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى دەپ بېرەلمەيدۇ» دەيتتى. شۇڭلاشقا، سەلەف سالىھلەر بىراۋنى زىيارەت قىلسا، ناۋادا ئۆزرىسى بولۇپ قالسا ئۆزرە ئېيتىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، «بىئەپ بولۇپ قالسا ئاۋارە قىلمايلى» دېيىشنى

ئۆزلىرىگە ئەدەب بىلىشكەنىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇبارەك كىتابىدا ئۇشبۇ ئەدەبنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش، شۇنداقلا ساھىبخانىنىڭ ئۆزرە ئېيتىشى نەتىجىسىدە بەزى كۆڭۈللەردە ساقلىنىپ قالىدىغان غۇملارنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ ئەدەبنى ئوچۇق بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئىجازەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِن قِيلَ لَكُمُ ٱرْجِعُوا۟ فَٱرْجِعُوا۟ ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ**﴾ ﴿ئەگەر (ئىجازەت سورىغىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرگە: «قايتىپ تۇرۇڭلار» دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار! قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[24/«نۇر»: 28].

بۇ ئۇلۇغ قۇرئانىي ئەدەبتە بەزى كىشىلەر مۇپتىلا بولۇۋاتقان بىر ئىللەتكە داۋا باردۇر. ئۇ شۇنداق ئىللەتكى، كىشى كۆرۈشكۈسى يوق بىرسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېلىشىنى خالىمايدۇ ـ دە، ئۆزى ئۆيدە تۇرۇپمۇ «ئۆيدە ئەمەستىم» دەپ يالغانچىلىق قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن شۇ ناچار خۇلقنى ئۆگىنىدۇ. گاھىدا بۇ قىلىق ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇغدۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئۆز كۆرسەتمىسى بىلەن بىزنى ئۇ

خاتالارغا دەسسەپ سېلىشتىن يىراق قىلدى. چۈنكى، قۇرئان كەرىم ساھىبخانىنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا سىپايىلىك بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە قېرىندىشىدىنمۇ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

﴿**وَإِن قِيلَ لَكُمُ ٱرْجِعُوا۟ فَٱرْجِعُوا۟ ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ**﴾ ﴿ئەگەر (ئىجازەت سورىغىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرگە: «قايتىپ تۇرۇڭلار» دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار! قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[(«نۇر»: 24/28)].

# 8

بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغاندا، ئۆي ئىچىگە سەپسېلىش ياكى ئۆيدىكى بىرەركىمنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراپ قېلىشتىن كۆزنىڭىزنى ساقلاڭ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئەيىبتۇر ۋە گۇناھتۇر. ئەبۇ داۋۇد ۋە تەبەرانىي سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىرىشكە ئىجازەت سوراپ ئىشىككە ئۇدۇل تۇرۇۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (چىقىپ) ئۇنىڭغا: ‹**مۇنداقراق تۇر!**› دېدى (يەنى ئۇنى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىن يىراقلاشتۇردى ۋە ئۇنى ئىشىك ئاغزىدا ئۇدۇل تۇرۇۋالماستىن، چەترەك تۇرۇشقا بۇيرۇدى). ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «**فإنّما الِاسْتِئْذَانُ مِنْ أَجْلِ النَّظَرِ (كىرىشكە ئىجازەت سوراش (بىرەر ئەۋرەتكە) قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر)**».

بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» كىتابىدا سەۋبان

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«لَا يَحِلُّ لِامْرِئٍ مُسْلِمٍ أَنْ يَنْظُرَ إِلَى جَوْفِ بَيْتٍ حَتَّى يَسْتَأْذِنَ، فَإِنْ فَعَلَ فَقَدْ دَخَلَ (بىر ئىنسانىڭ ئىجازەت سورىمىغىچە بىر ئۆينىڭ ئىچىگە قارىشى ھالال بولمايدۇ. ئەگەر (ئىجازەت سوراشتىن بۇرۇن شۇنداق) قىلسا، (ئۆيگە ئىجازەتسىز) كىرگەن بولىدۇ (ھالبۇكى ئىجازەتسىز كىرىش ھارامدۇر))»** .

يەنە ئىمام بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»دە، شۇنداقلا ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزىي (ئۆز «سۈنەن»لىرىدە) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «**إِذَا دَخَلَ الْبَصَرُ فَلَا إِذْنَ له (كىشى ئىجازەت سوراشتىن بۇرۇن ئۆيگە كۆزى كىرسە، كۆزگە رۇخسەت يوقتۇر)**» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇخارىي يەنە يۇقىرىقى كىتابىدا ئەممار ئىبنى سەئىد تۇجىيبىيدىن رىۋايەت قىلغانكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىجازەت بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۆينىڭ ئىچىگە قارايدىكەن، ئۇ پاسىقلىق قىلغان بولىدۇ» .

بۇخارىي، مۇسلىم ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بىر يوچۇقىدىن ھۇجرا ئىچىگە قارىغان. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تارغاق بىلەن بېشىنى تاراۋاتقان ئىكەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ: ‹**ناۋادا سېنىڭ قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، تارغاقنى كۆزۈڭگە تىقىۋەتكەن بولاتتىم. باشقىلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن، ئىجازەت سوراش يولغا قويۇلدى ئەمەسمۇ؟!**› دېگەن».

# 9

قېرىندىشىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز، كىرىش - چىقىشتا سىپايە بولۇڭ؛ كۆزىڭىزنى يىغىپ، ئاۋازىڭىزنى پەس قىلىڭ. ئايىغىڭىزنى مۇناسىپ ئورۇنغا رەتلىك قويۇڭ، قالايمىقان تاشلاپ قويماڭ. ئاياغ كىيىش ۋە سېلىش ئەدەبلىرىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، كىيگەندە ئاۋۋال ئوڭ پۇتقا كىيىسىز، سالغاندا ئاۋۋال سول پۇتتىن سالىسىز. سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «**إِذَا انْتَعَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَبْدَأْ بِالْيَمِينِ وَإِذَا انْتَزَعَ فَلْيَبْدَأْ بِالشِّمَالِ وَلْتَكُنْ الْيُمْنَى أَوَّلَهُمَا تُنْعَلُ وَآخِرَهُمَا تُنْزَعُ (بىرىڭلار ئاياغ كىيگەندە، ئوڭدىن باشلىسۇن؛ سالغاندا، سولدىن باشلىسۇن. ئاياغ كىيگەندە، ئوڭ پۇت ئاۋۋال بولسۇن؛ سالغاندا، ئوڭ پۇت ئاخىر بولسۇن)**». (مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)



ئۆز ئۆيىڭىزگە ياكى بىرەر قېرىندىشىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىككى ئايىغىڭىزغا قارىۋېتىڭ. ئەگەر ئايىغىڭىزغا يولدا بىرەر نەرسە چاپلىشىپ

قالغــان بولســا، ئۇنــى ئېلىۋېتىــش ياكــى ئايىغىڭىزنــى يەرگــە ســۈرتىۋېتىڭ. چۈنكــى، ئىــسلام پاكىزلىــق ۋە گۈزەللىك دىنىدۇر.



ساجىيە
ئىسلامى تەتقىقات مەركىزى

# 10

ساھىبخان سىزنى ئۆيىنىڭ نەرگە باشلىسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، ساھىبخان بىلەن ئورۇن تالاشماڭ. ئەگەر ئۆزىڭىز خاھلىغانچە ئولتۇرۇۋالسىڭىز، ئۆيدىكى نامەھرەملەرنىڭ ئەۋرەتلىرى كۆرۈلۈپ قالىدىغان ياكى ئۆيدىكىلەرنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان بىر يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، ساھىبخان كۆرسەتكەن يەردە ئولتۇرۇڭ ھەم ساھىبخانىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى قوبۇل قىلىڭ.



كاتتا ساھابە ئەدىي ئىبنى ھاتىم تائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسەسىدە كېلىشىچە، ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشىنى ئىززەتلەپ، ئولتۇرسۇن ئۈچۈن كۆرپە سېلىپ بېرىپ، ئۆزى يەردە ئولتۇرغانىكەن.

ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى باشلاپ

ماڭــدى، ئۆيـگــە كىرگەنــدە، مــاڭا تالالىــق بىــر تىـرە كۆرپىنى سېلىپ بەردى، ئاندىن:

— **بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇڭ**، — دېدى. مەن:

— يوقسۇ! ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدىم.

— **يــاق، ســىز ئولتــۇرۇڭ**، — دېــدى. شــۇنىڭ بىلــەن كۆرپىنىــڭ ئۈســتىدە ئولتــۇردۇم، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بولسا يــەردە ئولتــۇردى» . (بۇ قىسســەنى ھافىــز ئىبنــى كەســىر «ئەلبىدايــە ۋەننىھايــە» دە نەقىــل قىلىغان)



خارىجە ئىبنــى زەيــد (ھ. 30 — 100 / م. 650 — 717) ئىبنــى ســىرىن (ھ. 34 — 110 / م. 654 — 729) نــى يــوقلاپ كەلــدى ۋە ئىبنــى ســىرىن خارىجــە ئىبنــى زەيدنــى كۆرپىگــە بــاشلاپ، ئــۆزى يــەردە ئولتــۇردى. خارىجە ساھىبخان ئىبنــى ســىرىنىنىڭ يــەردە ئولتۇرغانلىقىنــى كــۆرۈپ، ئۆزىمــۇ بىللە يەردە ئولتۇرماقچى بولدى ۋە:

— ســەن ئۆزۈڭگــە راۋا كۆرگەنىنــى مەنمــۇ ئۆزۈمگــە راۋا كۆرىمەن، — دېدى. ئىبنى سىرىن:

— مــەن ئۆيۈمــدە ئۆزۈمگــە راۋا كۆرگەنىنــى ســاڭا راۋا كۆرەلمەيمــەن، كۆرســىتىلگەن يــەردە ئولتۇرغــىن، —

دېدى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ خاس ئورنىدا ئولتۇرۇۋالماڭ، لېكىن ساھىبخانىنىڭ ئۆزى سىزنى ئۆزىگە خاس ئورنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئاندىن ئولتۇرۇڭ. چۈنكى، سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«لا يَؤُمَّنَّ الرَّجُلُ الرَّجُلَ في سُلْطَانِهِ ولَا يَقْعُدْ فِي بَيْتِهِ على تَكْرِمَتِهِ إلَّا بِإذْنِهِ** (**بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ مەنزىلىدە / سەلتەنەت ماكانىدا زىنھار رۇخسەتسىز ئىمام بولۇۋالمىسۇن، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇنىڭ خاس ئورنىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرۇۋالمىسۇن**)». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) ھەدىستىكى «**التكرمة**» — كۆرپە ـ تۆشەك، ئورۇندۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆي ئىگىسى ئۆزى ئولتۇرىدىغان خاس ئورۇندۇر.



ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 11

بىرەر قېرىندىشىڭىز ياكى دوستىڭىزنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسىڭىز، ساھىبخان سىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قالسا ياكى قوندۇرۇپ قالسا، ئۆي ئىچىگە خۇددى رازۋىتچىكتەك سىنچىلاپ قارىماڭ. بەلكى ئولتۇرۇش تۆگىگۈچە ياكى قونۇپ قايتقۇچە، زۆرۈرىيەت دائىرىسىدىلا قاراڭ، باشقىسىدىن كۆزىڭىزنى يىغىڭ. ئىشكاپ، ساندۇق، ھەميان، سومكا ياكى باشقا ھەرقانداق ئېتىكلىك نەرسىنى ئاچماڭ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئىسلامىي ئەدەبكە مۇخالىپتۇر ھەم ئامانەتكە خىيانەتتۇركى، شۇ قېرىندىشىڭىز، دوستىڭىز سىزنى «ئەمىن» كۆرۈپ ئۆيىگە كىرگۈزگەن ۋە قوندۇرغان. زىيارەتنىڭ ئەدەبلىرىنى بىلىڭ، گۈزەل دوستلۇق ئۈچۈن ئەدەب يولىدا مېڭىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ساھىبخانىنىڭ نەزەرىدە دوستلۇقىڭىز چىن ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقىڭىز ئۈستۈن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەم سىزگە ئىنايەت قىلىدۇ ۋە سىزگە ئىگە بولىدۇ.



ساجىيە

# 12

زىيارەت ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت، قانچىلىك ئولتۇرۇش خۇسۇسلىرىدا ئۆزىڭىز ۋە ساھىبخانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىسىڭىز ياخشى بولىدۇ. ئۇزۇن، ئېغىر ئولتۇرۇۋالماڭ. تاماق ۋاقتى، ئۇخلاش ۋاقتى ياكى دەم ئېلىش ۋاقتىغا ئوخشاش نامۇناسىپ پەيتتە كەلمەڭ.



ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «ئەلئەزكار (الأذكار)» ئاتلىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانىنىڭ سالىھلەر، قېرىنداش، قوشنا ـ قولۇم، دوست ـ بۇرادەر ۋە خىش ـ ئەقرىبالارنى زىيارەت قىلىشى، ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشى كۈچلۈك مۇستەھەبتۇر. بۇ زىيارەتنىڭ ئۆلچىمى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، مەرتىۋىلىرى ۋە بوش ۋاقىتلىرىغا بېقىپ پەرقلىنىدۇ. مۇھىمى، زىيارەتنىڭ ئۇلار يامان كۆرمەيدىغان تەرزدە ۋە ئۆزلىرى رازى بولىدىغان ۋاقىتتا بولۇشى لايىقتۇر. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن مەشھۇر ھەدىسلەر ۋە ئەسەرلەر[1] باردۇر».

(1) بۇ يەردە ئەسەردىن: ساھابە ياكى تابىئىنگە نىسبەت بېرىلگەن سۆز ـ ھەرىكەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان. ــ ت.

## 13

يـوقلاپ بارغـان ئادەمگىزنىـڭ يېنىـدا گـەپ قىلغانـدا، قىسقا، ماقامغا لايىـق گـەپ قىلىڭ. ئەگەر سىز سورۇننىڭ كىچىكـى بولسـىڭىز، گـەپ قىلمـاڭ. لېكىـن، سـورۇنداشلاردىن بىرەرسـى سـىزدىن سـوئال سورىسـا، سـوئالغا جاۋابـەن گـەپ قىلىـڭ. ئەگـەر كېيىنكىزنىـڭ سـورۇنداشلارغا ياقىدىغانلىقىنـى، ئۇلارنـى خۇرسـەن قىلىدىغانلىقىنـى بىلسـىڭىز گـەپ قىلسـىڭىز بولىـدۇ. ئەمما گەپنـى ئۇزارتىۋەتمـەڭ، ئولتـۇرۇش قىياپىتىڭـىز ۋە سـۆز ئۇسلۇبىڭىزدا ئەدەبكە سەل قارىماڭ.

# 14

بىر سورۇنغا كىرسىڭىز، ئەۋۋەلا سورۇن ئەھلىگە تەڭ سالام قىلىڭ. ئەگەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال سورۇندىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ياكى ئەڭ ئالىم، ياكى ئەڭ تەقۋادار، ياكى ئەڭ چوڭ ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان شەرئەت ئېتىبارىدىكى ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىدىن باشلاڭ. ھەرگىزمۇ ھۆرمەت - پەزىلەتكە باقماي، ئوڭدىن ۋەيا بىر ياقىدىن ئۇدۇل كەلگەنچە قاراقويۇق كۆرۈشمەڭ. كىمدىن باشلاشتا سورۇندىكىلەردىن بىرەر سۈپەت بىلەن ئۈستۈن كىشى ئاساس قىلىنىدۇ. ئەگەر سىز سورۇن ئەھلىنىڭ ئەۋزىلىنى بىلمىسىڭىز ياكى سورۇنداشلار پەزىلەتتە باراۋەر كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ پېشقەدەمراقىدىن باشلاڭ. چۈنكى كىمنىڭ چوڭراقلىقىنى كۆپىنچە بىلگىلى بولىدۇ، ئەلبەتتە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: **«كىبر كىبر (چوڭدىن باشلا، چوڭدىن باشلا)»**، يەنە بىر رىۋايەتتە: **«كَبِّرْ الْكُبْرَ فِي السن** (ياشتا چوڭدىن باشلا)» دېگەن. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) رەسۇلۇللاھ يەنە:

**«ابدؤوا بالأكابر أو بالكبراء (چوڭلاردىن باشلاڭلار)»** دېگەن.
(بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان ۋە تەبەرانىي
«ئەلئەۋسەت»تە رىۋايەت قىلغان)



ساجىيە
ئىسلامى تەتقىقات مەركىزى

# 15

بىر سورۇنغا كىرسىڭىز، يانمۇيان ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا قىسىلماي، ئۇلارنىڭ ياكى سول يېنىدا ئولتۇرۇڭ. چۈنكى، سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«لَا يُجْلَسْ بَيْنَ رَجُلَيْنِ إِلَّا بِإِذْنِهِمَا (ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ)»** دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

ئەگەر بىللە ئولتۇرغان ئىككىيلەن ئۆز ئارىلىرىدىن ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەن ۋە كەلگەن كىشىمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان بولسا، كەلگەن كىشىنىڭ باداشقان قۇرماي ئۆزىنى يىغىپ ئولتۇرۇشى مۇستەھەبتۇر. ئىبنى ئەئرابىي دەيدۇ: «بەزى ھۆكىمالار ئېيتقانكى: ‹مۇنداق ئىككى كىشى زالىمدۇر: بىرى، كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلىنسا، نەسىھەتنى يامان كۆرگەن كىشى؛ يەنە بىرى، تار يەردە ئورۇن چىقىرىلىپ بېرىلسە، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى›»[1].

(1) ھافىز سەمئانىي: «ئەدەبۇل ئىملا ۋەلئىستىملا»، 132 ـ بەت.

ئىككى ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا، ئۇ ئىككىسى سىرلىق، خۇسۇسىي گەپ قىلىشسا، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ سىرىغا قۇلاق سېلىش ئەخلاقىڭىزغا ئەيىب ئېلىپ كېلىدۇ ۋە گۇناھ قىلغان بولىسىز. سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مَنِ اسْتَمَعَ إِلَى حَدِيثِ قَوْمٍ وَهُمْ لَهُ كَارِهُونَ صُبَّ فِي أُذُنِهِ الْآنُكُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ (كىمكى بىر جامائەتنىڭ باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىنى خاھلىمايدىغان بىر گېپىنى ئاڭلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ)**». (بۇخارىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)



بىلىڭكى، ئۈچ ئادەم بىر يەرگە توپلانساڭلار، ئىككىڭىز مەخپىي پاراڭلاشسا توغرا بولمايدۇ. بۇ قىلمىشىڭلار ئۈچىنچىڭلارنى ياتسىرىتىپ، ئارىدىكى رىشتىنى ئۈزىدۇ، كاللىسىغا ئاللىقانداق ئويلارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ھالەت مۇسۇلمانغا ئەسلا ياراشمايدۇ. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ناچار خۇلقنىڭ مۇسۇلمانلاردا تېپىلىپ قالماسلىقىنى جېكىلەپ مۇنداق دېگەن: «**لا يتناجى اثنان بينهما ثالث (ئۈچ مۇسۇلمان بىر يەرگە كەلسە، ئىككىسى مەخپىي**

**پاراڭلاشــمايدۇ)**» . (ئىمــام مالىــك ۋە ئەبــۇ داۋۇد رىۋايــەت قىلغان)

پەيغەمبىرىمىزنىــڭ نەھــي سىيغەســى بىلــەن «لا يتناج (مەخپىي پاراڭلاشمىسۇن)» دېمەستىن، نەفىي ۋە خەۋەر سىيغەسى بىلەن «لا يتناجى (مەخپىي پاراڭلاشمايدۇ)» دېيىشــى شــۇنى ئۇقتــۇرۇپ قويــۇش ئۈچۈندۇركــى، مۇسۇلمانلىدىن بۇنداق خاتالىق سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ياكى مۇسۇلماننىڭ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشى مۇسۇلمانغا لايىق كەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇ خاتالىقتىن نەھىي قىلىشقىمۇ ئېھتىياج يوق، چۈنكى ئۇ فىترەت بىلەن بىلگىلى بولىدىغان خاتالىقتۇر. (بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن:

— ئۇلار تۆت ئادەم بولسىچۇ (ئارىسىدىن ئىككىسى مەخپىي پاراڭلاشسا بولامدۇ)؟ — دەپ سورىلىۋىدى، ئابدۇللاھ:

— چاتاق يوق، (مەخپىي پاراڭلاشسا بولىدۇ)، — دېدى» .

# 16

چوڭلارنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش. ئەگەر چوڭ ئادەم بىلەن بىللە ماڭسىڭىز، ئۇنىڭ تەرىپىدە ۋە سەل ئارقىسىدىراق مېڭىڭ. كىرىش ياكى چىقىشلاردا، ئاۋۋال چوڭلارغا يول بېرىڭ. چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ ھەققى بولمىش ئالدىن سالام بېرىش ۋە ئىززەت ـ ئېھتىرامنى ئادا قىلىڭ. چوڭلار بىلەن گەپلىشىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىزدىن بۇرۇن گەپ قىلىشىغا يول قويۇڭ، گېپىگە دىققەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قۇلاق سېلىڭ. ئەگەر گەپلىشىش ئەسناسىدا مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كەلسە، ئەدەب بىلەن سىلىق مۇنازىرىلىشىڭ. چوڭلارغا گەپ قىلغاندا، ئاۋازىڭىزنى پەس قىلىڭ. چوڭلارغا خىتاب قىلغاندا ياكى چاقىرغاندا، ھۆرمەتلەشنى ئۇنتۇماڭ.

نۆۋەتتە ئۇشبۇ ئەدەبكە ئۇندەيدىغان بەزى ھەدىس ۋە ئەسەرلەر ھۇزۇرىڭىزدا بولسۇن:

ۋاقتاكى، ئاغا ـ ئىنى ئىككى قېرىنداش باشلىرىغا

كەلگەن بىر ۋاقىتتىمۇ، ئۇ سۆزلەش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەۋۋەلا ئۇ كىچىك سۆز ئالماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«كَبِّرْ كَبِّرْ (چوڭدىن باشلا، گەپنى ئاكاڭغا بەر)»** دېدى. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: **«لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يُجِلَّ كَبِيرَنَا، وَيَرْحَمْ صَغِيرَنَا، وَيَعْرِفْ لِعَالِمِنَا حَقَّهُ (چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلىرىمىزنى ئىززەتلىمىگەن، ئالىملىرىمىزنى قەدىرلىمىگەن كىشى بىزدىن ئەمەس)»**. (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە تەبەرانىي قاتارلىقلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان)



ساجىدە

# 17

سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەمراھلىق ۋە بىرلىكتە ياشاشقا دائىر ئەدەبلەر توغرىسىدا، جۈملىدىن چوڭلارنى كىچىكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ياشلارغا بەرگەن تەلىمگە قۇلاق سېلىڭ! ئۇلۇغ ساھابە مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تەڭ دېيەرلىك ياشلاردىن بىرقانچىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، يىگىرمە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى مېھىر ـ شەپقەتلىك، مۇلايىم زات ئىدى. ئۇ زات بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزلەردىن قويۇپ كەلگەن ئائىلىلىرىمىز ھەققىدە سورىدى، بىزلەر قويۇپ كەلگەن ئائىلىلىرىمىزنى بايان قىلىشتۇق. ئۇ زات: ‹**ئائىلىلىرىڭلارنىڭ قېشىغا قايتىڭلار، ئۇلار بىلەن تۇرۇڭلار، ئۇلارغا (مېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىمنى) ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنى (ياخشى ئىشلارغا) بۇيرۇڭلار. نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن، چوڭراقىڭلار ئىمام**

**بولسۇن**[1]**، دېدى»**. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھافىز ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي رەھمەھۇللاھ فەقىھ ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇبارەك ئەلكەرخىي (ئۆ. ھ. 487) نىڭ تەرجىمىھالىدا — بۇ كىشى ئۆز دەۋرىدىكى ھەنبەلىيلەرنىڭ شەيخى، فەقىھ ئىمام، قازى ئەبۇ يەئلا ھەنبەلىينىڭ قولىدا يېتىشكەندۇر — ئۇنىڭ مۇنداق بىر گېپىنى ھېكايە قىلغان[2]: «بىر كۈنى قازى ئەبۇ يەئلا مەن بىلەن بىللە يولدا مېڭىۋېتىپ، ماڭا:



— ئەگەر ئۆزۈڭ چوڭ بىلىدىغان بىر كىشى بىلەن بىللە مېڭىپ قالساڭ، سەن ئۇنىڭ قايسى تەرىپىدە ماڭىسەن؟ — دەپ سورىدى، مەن:

— بىلمەيمەن، — دېدىم. ئۇ دېدىكى:

(1) بۇ ھەدىس «كىشىلەرگە قۇرئاننى ئەڭ ياخشى قىرائەت قىلالايدىغانلار ئىمام بولسۇن...» دېگەن ھەدىس بىلەن تاقاشمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ياشلار ئازراق ياش پەرقىدىن باشقا بارلىق ئارتۇقچىلىقلاردا باراۋەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بىللە ھىجرەت قىلغان، بىللە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بىللە ھەمراھ بولغان ۋە تەڭ تەلىم ئېلىشقان. شۇڭا، بۇ يەردە ياشتا چوڭلۇق ئارتۇقچىلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، «چوڭراقىڭلار سىلەرگە ئىمام بولسۇن» دېيىلگەن. قاراڭ: نەۋەۋىي: «شەرھۇ سەھىھى مۇسلىم». — ت.

(2) ھافىز ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي: «**ذيل طبقات الحنابلة**»، 1 / 87.

— ئوڭ تەرىپىدە ماڭىسەن. ئۇنى خۇددى نامازدىكى ئىمامغا ئوخشاش (سەل ئالدىغا) ئۆتكۈزىسەن ۋە سول تەرىپىنى بوش قويىسەن. ئەگەر ئۇ بۇرۇن قاقماقچى ياكى تۈكۈرمەكچى بولسا، سول تەرىپىگە قىلىدۇ»[1].



(1) تۈكۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ سول تەرىپىگە تۈكۈرۈشى سۈننەتتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيسەل ھالىتىدە ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرۈپ ياكى تۈكۈرمەكچى بولۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ ئوڭ تەرىپىمگە تۈكۈرۈپ باقمىدىم». تەبەرانىي «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»دە، ھەيسەمىي «مەجمۇئۇز زەۋائىد» (9 / 311) تا رىۋايەت قىلغان.

# 18

زىياپەت ۋە ھۆرمەتتە چوڭلارنى ۋە پەزىل ئىگىلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاۋۋال شۇلاردىن باشلاش، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىلەردىن داۋام قىلىش. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان ۋە ئەگەشكەن بولىسىز. يۇقىرىقى «چوڭدىن باشلا، چوڭدىن باشلا» ۋە «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن كىشى بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن ئىككى ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر. دىققىتىڭىز شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىدا بولسۇن:



(1) شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادابىغا، يەنە ھەدىستە زىكىر قىلغان باشقا ئەدەبلەرگە دەخلى يەتكۈزگەن كىشىنىڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئېيتتىكى: **«چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلىرىمىزنى ئىززەتلىمىگەن، ئالىملىرىمىزنى قەدىرلىمىگەن كىشى بىزدىن ئەمەس».** ئەدەبنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە مۇئامىلىلەردە ناھايىتى مۇھىملىقى، بىئەدەبلىكنىڭ ساغلام تەبىئەتكە خىلاپ ئىش ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئەدەبكە رىئايە قىلماسلىقتىن باغرىتاشلىق، ئۆچمەنلىك ۋە كىن - ئاداۋەت تۇغۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئەنە شۇنداق قاتتىق گەپ قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ «سەھىھ»ىدە («يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئەدەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى» بابىدا) ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەمانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرەر تائامغا چاقىرىلىپ قالساق، تائامغا ئاۋۋال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قول ئۇزاتمىغۇچە بىز قول ئۇزاتمايتتۇق». ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ «ياخشىلار باغچىسى» ناتلىق كىتابىدا بۇ ماۋزۇ توغرىسىدا ئايرىم بىر باب ئېچىپ، بىر قاتار ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەن بولۇپ، مەن بۇ يەردە شۇ ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى زىكىر قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. ئىمام نەۋەۋىي مەزكۇر بابقا: «ئۆلىمالارنى، چوڭلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىش، ئۇلارنى تۆرگە چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا»[1] دەپ نام قويغان

---

(1) ئەللامە ئىبنى ئەللان رەھمەھۇللاھ «ياخشىلار باغچىسى»نىڭ شەرھى بولغان «دلىل الفالحين» ناتلىق كىتابىدا ئىمام نەۋەۋىينىڭ بۇ بابقا قويغان «(**توقير العلماء والكبار وأهل الفضل وتقديمهم عَلَى غيرهم ورفع مجالسهم وإظهار مرتبتهم** / ئۆلىمالارنى، چوڭلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىش، ئۇلارنى تۆرگە چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا)» ماۋزۇسىنى ئىزاھلاپ مۇنداق

بولۇپ، بابتىكى مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلۡ هَلۡ يَسۡتَوِي ٱلَّذِينَ يَعۡلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ**﴾ ﴿**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ**﴾(«زۇمەر»: 39/ 9).

ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمر ئەلبەدرىي ئەلئەنسارىي



---

دېگەن: «‹**توقير العلماء** / ئۆلىمالارنى› — ياشتا چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەش؛ ‹**الكبار** / چوڭلارنى› — ئەھلى ئىلىم بولمىسىمۇ، ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش؛ ‹**أهل الفضل** / پەزىلەت ئىگىلىرىنى› — ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن ئارتۇق قىلىدىغان ساخاۋەت، مۇرۇۋۋەت، شىجائەت ۋە باشقا كامىل سۈپەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش؛ ‹**وتقديمهم على غيرهم** / ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىش› — يۇقىرىقى تۈرلەرگە داخىل كىشىلەرنى داخىل بولمىغان كىشىلەردىن ئۈستۈن بىلىش؛ ‹**ورفع مجالسهم** / كەمتەرلىك ھەمدە "پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورۇننىڭ نەرىدىن بوش ئورۇن چىقسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى" دېگەن ھەدىستىكە ئەگەشكەنلىك يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۆرنى تەلەپ قىلماسلىقى لايىق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنى تۆرگە چىقىرىشى›؛ ‹**وإظهار مرتبتهم** / ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە بىنائەن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش› دېگەنلىكتۇر». ئىمام نەۋەۋىينىڭ بۇ ئىبارىسىنىڭ زاھىرى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، مۇبادا مۇشۇنداق ئادەملەر جەملىشىپ قالسا، يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە، ئىلىم ئەھلى ياشتا چوڭنىڭ ئالدىغا، ياشتا چوڭ كىشى فازىل كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. لېكىن، شەرت شۇكى، بۇ تەرتىپ شۇ سورۇندا شۇ يەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھاكىم بولمىغاندا كۈچكە ئىگە. ئەگەر ھاكىم شۇ سورۇندا سورۇنداش بولۇپ قالسا، گەرچە ھاكىمدىن سالىھراق بولسىمۇ قارىيمۇ، فەقىھمۇ ھاكىمدىن كېيىنگە تىزىلىدۇ. چۈنكى شۇ يەردە ھاكىم ھەق ئىگىسىدۇر.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**يَؤُمُّ الْقَوْمَ أَقْرَؤُهُمْ لِكِتَابِ اللَّهِ، فَإِنْ كَانُوا فِي الْقِرَاءَةِ سَوَاءً، فَأَعْلَمُهُمْ بِالسُّنَّةِ، فَإِنْ كَانُوا فِي السُّنَّةِ سَوَاءً، فَأَقْدَمُهُمْ هِجْرَةً، فَإِنْ كَانُوا فِي الهِجْرَةِ سَوَاءً، فَأَقْدَمُهُمْ سِنّاً** (كىشىلەرگە قۇرئاننى ئەڭ ياخشى قىرائەت قىلالايدىغانلار ئىمام بولسۇن؛ ئەگەر قىرائەتتە تەڭ بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتنى كۆپرەك بىلىدىغانلىرى ئىمام بولسۇن؛ ئەگەر سۈننەت ئىلمىدە تەڭ بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلىرى ئىمام بولسۇن؛ ئەگەر ھىجرەتتە تەڭ بولسا، يېشى چوڭلىرى ئىمام بولسۇن)». (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)



ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**لِيَلِنِي مِنْكُمْ أُولُوا الأَحْلامِ والنُّهى، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ** (سىلەردىن ئۆزىنى توختاتقان پەزىلەتلىك ئاقىل كىشىلەر (نامازدا) ماڭا يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلىرى، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلىرى، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلىرى تۇرسۇن)»[1]. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

(1) بۇ ھەدىستە ئەۋۋەلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەرنى، ئاندىن ئۇندىن كېيىنكى ئەۋزەل

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى بىر قەبرىگە ئىككىدىن قوياتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «**أَيُّهُما أَكْثَرُ أَخذًا للقُرآنِ؟ (ئىككىسىدىن قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادقا ئالغان؟)** دەيتتى. قۇرئاننى كۆپ يادقا ئالغانلىقىغا قايسىسى كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇنى ئاۋۋال قەبرىگە قوياتتى». (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**أَرَانِي فِي الْمَنَامِ أَتَسَوَّكُ بِسِوَاكٍ، فَجَاءَنِي رَجُلانِ، أحَدُهُما أكبر مِنَ الآخرِ، فَنَاوَلْتُ السِّوَاكَ الأصْغَرَ، فَقِيلَ لِي: كَبِّرْ، فَدَفَعْتُهُ إِلَى الأَكْبَرِ مِنْهُمَا (مەن مىسۋاك ئىشلىتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە مېنىڭ ئالدىمغا ئىككى ئادەم**



---

كىشىلەرنى ئىمامنىڭ يېنىغا ئۆتكۈزۈش تەرغىب قىلىنغان. چۈنكى، ئۇلار ئىكرامغا ئەڭ لايىقتۇر، يەنە بىرى، ئىمام خاتا كەتسە ئۇلار ئىمامنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئۆتكۈزۈش نامازغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئىلىم مەجلىسى، ھۆكۈم مەجلىسى، زىكىر مەجلىسى، دەرس مەجلىسى، پەتىۋا مەجلىسى، ھەدىس مەجلىسىگە ئوخشاش ھەرقانداق توپلىنىشتا ئەھلى پەزلىنى ئىمامنىڭ ياكى مەجلىس بېشىنىڭ قېشىغا ئۆتكۈزۈش سۈننەتتۇر. ئادەملەر مەجلىسلەردە ئىلىم، دىن - دىيانەت، ئەقىل، شەرەپ، ياش ۋە قابىلىيەت جەھەتلەردىكى

مەرتىۋىلىرىگە بېقىپ ئولتۇرىدۇ. ھەدىسلەر مۇشۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىبنى ئەللان: «**دلیل الفالحين**».

**كەپتۇدەك، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن چوڭ ئىكەن. مەن مسۋاكنى كىچىككىگە سۇنسام، ‹چوڭىغا بەر› دېيىلدى. مەن ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، چوڭىغا بەردىم)»**[1]. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**إِنَّ مِنْ إِجْلالِ اللَّهِ تَعَالَى: إِكْرَامَ ذِي الشَّيْبَةِ الْمُسْلِمِ، وَحَامِلِ الْقُرآنِ غَيْرِ الغَالِي فِيهِ، وَالجَافِي عَنْهُ، وَإِكْرَامَ ذِي السُّلْطَانِ المقْسِط** (مۇسۇلمان مويسىپىتنى **ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن قارىينى ھۆرمەتلەش ۋە ئادىل ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر**». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ھەسەن ھەدىستۇر)

مەيمۇن ئىبنى ئەبۇ شەبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدىن بىر تىلەمچى ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭغا بىر پارچە



---

(1) ئىمام ئىبنى بەتتال ئېيتىدۇ: «بۇ ھەدىستە مسۋاك بېرىشتە ئەۋۋالا چوڭدىن باشلاش تەرغىب قىلىنغان. يېمەك-ئىچمەك، مېڭىش، سۆزلەش قاتارلىق ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ».

نــان بېرىــپ يولغا ســالدى. ئاندىــن ئۇنىــڭ يېنىدىــن كۆرۈنۈشــى تــۈزۈك، كىيىنىشــى جايىــدا بىــر كىشــى ئۆتتۈۋىــدى، ئۇنــى ئولتۇرغــۇزۇپ تائــام بــەردى. ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنهادىــن بــۇ ھەققتــە ســورالغاندا، ئــۇ: «پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم: ‹**أَنْزِلُوا النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ** (ھــەر كىشــىگە ئۆزىگــە لايىــق مۇئامىلــە قىلىــڭلار دېگــەن› دېــدى». (بــۇ ھەدىســنى ئەبــۇ داۋۇد رىۋايــەت قىلغــان، شــۇنداقلا ھاكىــم «**في معرفة علوم الحديث**» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلىپ، «سەھىھ» دېگەن)

ئەبــۇ سەئىد سەمۇرە ئىبنى جۇنــدۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايــەت قىلىدۇكــى، ئــۇ مۇنــداق دېگــەن: «مــەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىــدا كىچىــك بولغاچقا، رەسۇلۇللاھتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئــاڭلاپ يادلىۋالغانىدىم. لېكىــن، بــۇ يــەردە يــاش جەھەتتــە مەنىدىــن چوڭ كىشىلەر بولغاچقا، مــەن ئــەدەب يۈزىســىدىن سۆز قىلمايمەن». (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئىمام نەۋەۋىينىــڭ كەلتۈرگــەن ھەدىسلىرى بــۇ يــەردە تۈگىدى.

دېمــەك، ياشــتا چوڭــراق ياكــى پەزىلەتلىكــرەك، ياكــى ئىلىملىكــرەك كىشــىدىن بــاشلاش ســۈننەتتۇر. يەنــى



ساجىد ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مەسىلەن، ياشتا چوڭ بولۇش ياكى ئىلمى كۆپ بولۇش، ياكى ئېسىل نام ـ شەرەپلىك بولۇش، ياكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەبى بىلەن شەرەپلەنگەن بولۇش، ياكى ئىمام، رەھبەرلىككە مۇشەررەپ بولۇش، ياكى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن نەسىبدار بولۇش ۋەياكى خەيرلىك يوللارغا ساخاۋەت قىلىدىغان مەردلىككە نائىل بولۇشتەك بىرەر ئارتۇقچىلىق بىلەن سۈرۈندىكىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر زات بار ھالدا، زىياپەت ۋە ھۆرمەتنى شۇ زاتتىن باشلاش، ئاندىن كېيىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ كىشىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى كىشىدىن داۋاملاشتۇرۇش سۈننەتتۇر. مانا شۇ تەرىقە ئارقىلىق بىز ئوڭدىن باشلاشقا چاقىرىدىغان ھەدىسلەر بىلەن چوڭدىن باشلاشقا چاقىرىدىغان ھەدىسلەرنى ماسلاشتۇرغان بولىمىز.

بەزى كىشىلەر ئوڭدىن باشلاش ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ناتوغرا چۈشىنىۋالغانلىقتىن، «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ساھىبخان ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى كىشىدىن باشلىشى سۈننەت» دەپ ئويلىۋالىدۇ. ھالبۇكى، سۈرۈنداشلارنىڭ ھەممىسى

پەزىلەت، ئارتۇقچىلىق ۋە ياش قۇرامدا بىر خىل كىشىلەر بولسا، ئاندىن ساھىبخان يۇقىرىقىدەك ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى كىشىدىن باشلايدۇ. ئەمما، جامائەت ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەتتە باراۋەر بولۇپ، ئىچلىرىدە بىرەرسى ياشتا چوڭلۇق بىلەن پەرقلىنىپ قالسا، شۇ چوڭدىن باشلايدۇ. چۈنكى، ياشتا چوڭلۇقنىڭ ئۆزى ئارتۇقچىلىق سۈپەتتۇر. شۇڭا ساھىبخان ياشتا چوڭ كىشىنى باشقىلاردىن ئەلا بىلىپ، شۇنىڭدىن باشلايدۇ.

ئىمام ئىبنى رۇشد رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ بىباھا كىتابى «ئەلبايان ۋەتتەھسىل»دە مۇنداق دېگەن: «جەم بولغانلار ئارتۇقچىلىقتا تەڭ ياكى يېقىنلىشىپ قالسا، ئوڭدىن باشلاش (يەنى ساھىبخانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلىشى) مۇستەھەبتۇر ۋە بۇ ئېسىل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇنداق قىلغاندا، باراۋەر كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما، سورۇن ئەھلى ئارىسىدا ئالىم ياكى ياشتا چوڭ پەزل ئىگىسى بولۇپ قالسا، نەدە ئولتۇرغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ كىشىدىن باشلاش سۈننەتتۇر ۋە شۇ كىشىنىڭ ئولتۇرغان يېرى تۆردۇر.

ئاشۇ تۆردىكى كىشى خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغىنىدەك ئۆزىدىن كېيىن ئوڭ يېنىدىكى ئادەمگە سۇنۇپ بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت كەلتۈرۈلگەن. شۇندا ئۇ زاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەئرابىي، سول تەرىپىدە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سۈتنى ئىبلىپ ئىچىپ، قالغىنىنى ئەئرابىيغا بەرگەن ۋە: «**ئوڭدىن كەلسۇن، ئوڭدىن كەلسۇن**» دېگەن. تۆردىكى كىشىنىڭ سول يېنىدىكى ئادەم ئىلىم، ياخشىلىق ياكى ياش جەھەتتىن ئوڭ يېنىدىكى ئادەمدىن ئەۋزەلرەك بولغان تەقدىردىمۇ، سولىدىكى ئادەمگە بەرمەيدۇ. پەقەتلا رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئوڭ يېنىدىكى ئادەمدىن ئىجازەت سورىغاندىن كېيىن بەرسە بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدا ئىچىملىك كەلتۈرۈلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئازراق ئىچكەن. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر بالا، سول يېنىدا ياشتا چوڭ بىرقانچە كىشى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بالىغا:

— **بۇ ئىچىملىكنى بۇلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت**

قىلامسەن؟ — دېگەن. بالا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلىدىن ئالىدىغان نېسىۋەمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن، — دېگەن. نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق قىلىشتا ئۇنىڭ ھەققى بارلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن، دەرھال قاچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان».

ئەلھاسىل، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىمدەك، تۆرگە ئۆتكۈزۈلۈشنى تەقەززا قىلىدىغان بىرەر سۈپەت ساھىبى بولمايلا قالسا، مۇتلەق ئوڭدىن باشلاش شەرئىي ئىشتۇر. ئەمما ھەق شەرئەت «ئارتۇقچىلىق، شەرەپ ۋە پەزىلەت» دەپ ئېتىبارغا ئالغان بىرەر سۈپەت ساھىبى بار بولۇپ قالسا، شەكسىزكى، شۇ سۈپەت ساھىبىدىن باشلاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

«ساھىبخان ھەرقانداق ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى كىشىدىن باشلايدۇ» دېگەن ئاتالمىش گەپ بويىچە، ساھىبخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى كىشى ئۇششاق بالا بولۇشى مۇمكىن ياكى سورۇن بېشى بولۇۋاتقان ئاقساقالنىڭ، يا كاتتا ئالىم - ئۆلىمانىڭ، يا بىرەر ئېسىل ئەمىرنىڭ، ياكى مۆھتەرەم دادا ياكى تاغىنىڭ خىزمەتكارى، ياكى شوپۇرى بولۇشى

مۇمكىن، ھەتتا شوپۇر غەيرى مۇسۇلمان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىسلام فىقھى ۋە ئەدەبلىرىدە زىيابەت ۋە ئىكرامنى مۇشۇنداق قەۋم كاتتىلىرىدىن باشلىماي، ئۇششاق بالا ياكى خىزمەتكار ۋەيا شوپۇردىن باشلاش راۋا بولامدۇ؟! بەلكىم ئۇلۇغ تەرەپتە سورۇننىڭ كاتتىسىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە ئون ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم بار بولۇشى، ساھىبخان شۇ ئون - يىگىرمە ئادەمدىن كېيىن ئاندىن سورۇن بېشىنىڭ ئالدىغا كېلەلىشى مۇمكىن.

ئىسلام فىقھى ۋە ئىسلام ئەدەبلىرى بۇنداق ئەدەب ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا دەخلى يەتكۈزۈشنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. ئەمما، سورۇن بېشى ئۆزىگە سۇنۇلغان سۇنى ئۆزىدىن كېيىن ئوڭ يېنىدىكى كىچىك بالا ياكى مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۇياقتىن سۇنى (سول يېنىدىكى) باشقا كىشىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، گەرچە ئۆزى سورۇن ئەھلىنىڭ ئەڭ كىچىكى ياكى مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ تۆۋىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققى بولىدۇ. ئەگەر بۇلار ئۆزلىرىگە سۇ ياكى شۇنىڭدەك بىرنەرسە سۇنۇپ بېرىلگەن چاغدا،

ئۆزلىرىدىن چوڭ ياكى ئەۋزەل كىشىنىڭ سۇنۇلغان نەرسىگە مايىللىقى بارلىقىنى بايقاپ، ئۆزدىن ئۆزگىنى ئەلا بىلىشتىكى ئىسلامىي ئەدەبكە رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن، شۇ كىشىدىن باشلاشنى ئەلا كۆرسە، كاتتىلا پەزلگە نائىل بولىدۇ، نامى ئۆسىدۇ، قەدرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئەجرگە ئېرىشىدۇ.



ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 19

دادىڭىز ۋە ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ئەدەبكە قاتتىق رىئايە قىلىڭ، چۈنكى، بۇنىڭغا ھەممە ئادەمدىن بەك شۇلار ئەڭ لايىقتۇر. بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر ئىچىدە ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: **«أمك ثم أمك ثم أمك ثم أبوك ثم أدناك أدناك (ئاناڭ، ئاندىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن قالسا ئاتاڭ، ئاندىن قالسا ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭ)»** دېدى. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)



ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئۆز ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: «ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ياش يىگىتنىڭ ياشتا چوڭ بىر كىشىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— بۇياق سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ياش يىگىت:

— ئاتام بولدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ هۇرەيرە:

— ئاتاڭنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئاتاڭ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرما، ئاتاڭنى ئىسمى بىلەن چاقىرما، — دېدى»[1].

ئىبنى ۋەھبنىڭ هېكايە قىلىشىچە، ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتى ئىمام ئابدۇرراهمان ئىبنى قاسىم (ھ. 132 — 191) رەھىمەھۇللاھ شاگىرتلىرىنىڭ «ئەلمۇۋەتتا»نى ئوقۇشقا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى، توساتتىن ئورنىدىن قوپۇپ ئۇزۇن تۇردى، ئاندىن ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغانلىقى سورىلىۋىدى، ئۇ جاۋابەن: «ئانام بىر ئىشنى سوراش ئۈچۈن چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى، مەنمۇ ئانامغا ئەگىشىپ تۇردۇم، ئانام يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئولتۇردۇم» دېدى[2].

ئۇلۇغ تابىئىن تاۋۇس ئىبنى كەيسان مۇنداق دېگەن: «تۆت تۈرلۈك كىشىنى هۆرمەتلەش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇلار: ئالىم، مويسىپىت، سۇلتان ۋە



---

(1) بۇخارىي: «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد»، 20 - بەت؛ ئابدۇررازراق: «ئەلمۇسەننەف»، 11 / 138.

(2) قازى ئىياز: «ترتيب المدارك» 258/3.

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئاتــا ـ ئانــا. كىشــىنىڭ ئــۆز ئاتىســىنى ئىســمى بىلــەن چاقىرىشى ۋاپاسىزلىقتۇر»[1].



(1) ھافىز ئەھمەد ئەررازىي: «**تاريخ مدينة صنعاء**» 333 ـ بەت.

ساجىيە
ئىسلام ئەقىدىلىرى مەركىزى

## 20

هافىز ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مالىكىي فىقھىسى ھەققىدە يازغان كىتابى «ئەلكافىي (الكافي)»نىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزدۇر. بۇ ئىش ئاللاھ مۇيەسسەر قىلغان كىشىگە ئاساندۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دېمەك ئۇلارغا مۇلايىم بولۇش، سىلىق گەپ قىلىش، ئۇلارغا ھەر ھالەتتە مۇھەببەت ۋە تەزىم كۆزى بىلەن قاراش، گەپ ـ سۆزدە ئۇلارغا ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك (مەگەر يۇقىرىراق ئاۋاز چىقارمىسا ئاڭلىمايدىغان بولسا، يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىش دۇرۇس بولىدۇ)، يېمەك ـ ئىچمەكتە باشقىلارنى ئۇلاردىن ئارتۇق كۆرمەسلىك قاتارلىقلاردۇر.

كىشى ئاتىسى بىلەن بىللە ماڭغاندا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمىغاي، ھەرقانچە بىلىدىغان ماۋزۇدىمۇ ئاتىسى گەپ قىلغاندا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمىغاي، پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەزىپىدىن ساقلانغاي ۋە بار كۈچى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى خۇشال

قىلىشقا ھەرىكەت قىلغاي.

ئاتا ـ ئانىنى خۇشال قىلىش ئەۋزەل ئەمەللەردىندۇر. ئاتا ـ ئانا ياكى ئۇلاردىن بىرى چاقىرسا، دەررۇ جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىبتۇر. ئەگەر كىشى نەپلە نامازدا بولۇپ قالسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ، تېزراق ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇلارغا پەقەتلا ئېسىل سۆزلەرنى دېگەي.

ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ بالىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلىشىغا سىلىقلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ياردەمدە بولۇشى ۋاجىبتۇر. چۈنكى، بەندىلەرمۇ ئاللاھ ياردەمدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالىغاندۇر».



ساجيه

# 21

مۆھتەرەم ئاتا - ئانىڭىز ياكى بىرەر تۇغقىنىڭىزنى، تەڭتۇش بۇرادىرىڭىز ياكى ئۆزىڭىزدىن تۆۋەنرەك بىرەر دوستىڭىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىقسىڭىز، ياكى بىرەر سەپەردىن قايتىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلسىڭىز، بەدىنىڭىزنىڭ پاكىز، تۇرقىڭىزنىڭ گۈزەل بولۇشىغا؛ ئەگەر سىز كۆرۈشمەكچى بولغان كىشى سىزدىن تۆۋەنرەك كىشى بولسا، تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزنى ئۆزىڭىزگە لايىق رەۋىشتە، ئەگەر سىزدىن يۇقىرىراق كىشى بولسا، تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزنى شۇ كىشىگە لايىق تەرزدە تۈزەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىڭ. چۈنكى، كۆز رەتلىك، گۈزەل مەنزىرە ۋە كامىل پاكىزلىقتىن خۇرسەنلىك تاپىدۇ.



تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزگە زىنھار سەل قارىماڭ. چۈنكى، تاشقى كۆرۈنۈشكە سەل قاراش ئۇچرىشىش خۇشاللىقىنىڭ تەمىنى قاچۇرۇپ، كۆزنىڭ ئۆزىگە سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئالىدىغان ھوزۇرىنى ئازلىتىۋېتىدۇ. جانابىي پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى كۆرسەتمىسى مۇشۇ مەناغا ئىشارەت قىلىدۇ:
**«سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بارىسىلەر، شۇڭا**

**كىيىملىرىڭلارنى چىرايلىق قىلىڭلار، يوْك - تاقلىرىڭلارنى رەتلىك قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار كىشىلەر ئارىسىدا سالاپەتلىك بولىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەھۋەنلىك ياكى قەستەنلىك بىلەن سادىر بولغان قەبىھ سۆز ۋە قەبىھ ھەرىكەتنى ياخشى كۆرمەيدۇ»**. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر سىز يېنىغا بارماقچى بولغانلارغا ياكى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلمەكچى بولغانلارغا ئازراق ھەدىيە ئېلىۋېلىشقا ئىمكانىڭىز بولسا، ھەدىيە ئېلىۋېلىڭ. چۈنكى، كىشى باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتا كۆڭۈلنى ئالىدىغان بىرەر نەرسىگە ئىنتىلىپ قالىدۇ ۋە كۆڭلىنىڭ يايرىشىنى كۈتۈپ قالىدۇ. ھەدىيە ئەنە شۇ رولنى ئۆتەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇشبۇ سۆزىمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: «**تهادوا تحابوا (ھەدىيە بېرىشىپ تۇرۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار دوستلىشالايسىلەر)**». (بۇ ھەدىسنى بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»تە رىۋايەت قىلغان) مەلۇمكى، سەلەفلەر بىركىمنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسا، مىسۋاك ياغىچى بولسىمۇ بىرەر ھەدىيە ئېلىپ باراتتى.

## 22

كۆلبىگىرگە كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋېلىشنىڭ ئەدەبلىرىنى بىلىۋېلىڭ. مېھماننى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ھۆرمەتلەڭ. ئەلبەتتە، مەن ھەرگىز مېھمانغا چەكتىن ئاشۇرۇپ تائام تارتىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى بۇنداق ئىشلاردا ئوتتۇراھال بولۇش سۈننەت، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ھۆرمەت كۆرسىتىش مەتلۇبتۇر. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مېھماننىڭ ئولتۇرىدىغان يېرىنى، چۈشلۈك، كەچلىك ئۈخلايدىغان ئورنىنى ياخشىلاپ بېرىڭ، ھاجەتخانا، تاھارەت ئالىدىغان جاي ۋە قىبلە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ قويۇڭ.

تائامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن مېھماننىڭ قولىغا سۇ بەرگەندە، ئىشلىتىلمىگەن پاكىز لۆڭگە سۇنۇڭ. مېھماننىڭ ئىشلىتىپ خۇشبۇي بولۇشى ئۈچۈن ئەتىر، قاراپ ياسىنىشى ئۈچۈن ئەينەك قويۇپ قويۇڭ. مېھمان ئىشلىتىدىغان تازىلىق قۇراللىرى پاكىزە بولسۇن. مېھمان مۆنچىغا كىرىشتىن بۇرۇن، مۆنچىدىكى مېھماننىڭ ياكى

يات كىشىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا ياخشى بولمايدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ.

مېھمان ئۆيىڭىزدە ئۇخلىغان ياكى ئارام ئالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئارامغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. قورىبىڭىزنىڭ يېتىشىچە، باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ۋە ئۆينىڭ قىيا - چىيالىرىنى بېسىقتۇرۇڭ. ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ۋە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى مېھماننىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىڭ. چۈنكى، بۇ مەتلۇب شەرم - ھايانىڭ جۈملىسىدىندۇر، سىزگىمۇ، مېھمانغىمۇ ياخشىدۇر. مېھمان ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىڭ، ئەمما زورۇقۇپ كەتمەڭ، زوق ۋە ئېھتىرام بىلەن مېھماننىڭ خىزمىتىنى قىلىڭ، ئاراڭلاردىكى دوستلۇق ۋە ئۈلپەتلىكنى بېيەرۋالىق ۋە ساڭگىل - سۇڭگۇل كىيىنىشىڭنىڭ باھانىسى قىلىۋالماڭ. چۈنكى بۇخارىي «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد»تە رىۋايەت قىلغاندەك، «(بىزنىڭ ئۈلگىمىز بولغان) سەلەف سالىھلەر بىر - بىرىنى زىيارەت قىلىشسا، چىرايلىق ياسىناتتى».

بىرەر دوستىڭىز ياكى يېقىنىڭىزنىڭ دەرگاھىغا مېھمان بولۇپ چۈشسىڭىز، يېقىملىق ۋە قىزغىن بولۇڭ، ساھىبخانىغا ئېغىرلىق چۈشۈرۈپ قويماڭ. ساھىبخانىنىڭ

شارائىتى ۋە ئىش ۋاقتىنى ئېتىبارغا ئېلىش، مۇمكىنقەدەر مېھماندارچىلىق ۋاقتىنى قىسقا قىلىش. چۈنكى، كىشىنىڭ باشقىلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ئالاقىلىرى، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بولىدۇ. شۇڭا ساھىبخانغا كۆيۈنۈش. ئۇنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى بېجىرىۋېلىشىغا، خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئورۇنلىۋېلىشىغا ياردەمچى بولۇش. مېھماندارچىلىقتا بولغىنىڭىزدا، ئۆيىنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قاراپ كەتمەڭ، بولۇپمۇ بىرەر ئىش بولۇپ، سىزنى مېھمانخانىدىن باشقا ئۆيگە باشلىغان چاغدا، كۆزىڭىزنى يىغىڭ. بەلكىم ئۇ ئۆيدە سىز كۆرسىڭىز ياخشى بولمايدىغان نەرسىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىرى، ساھىبخاندىن تايىنى يوق سوئاللارنى سورىماڭ.

# 23



مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىز ئاغرىپ قالسا، ئۇنى يوقلاش مەجبۇرىيىتىڭىز بار. مۇشۇنداق قىلغىنىڭىزدا، قېرىنداشلىق دەرىخىنى ۋە ئىسلام رىشتىسىنى ئاسرىغان ۋە سۇغارغان بولىسىز. يەنە ئۇنىڭدا سىز ئۈچۈن مول ساۋاب بار بولۇپ، ياخشىلىقلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ھېرىسمەن كىشى ساۋابقا سەل قارىمايدۇ. سەيىيدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**إنّ المسلم إذا عاد أخاه المسلم لَم يزل في خرفة الجنّة (مۇسۇلمان مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، تا قايتقۇچە داۋاملىق ‹جەننەتنىڭ خۇرفەسى›دە بولىدۇ)**» دېگەندە، ساھابەلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! ‹جەننەتنىڭ خۇرفەسى› دېگەن نېمە؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «**جناها (جەننەتنىڭ مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلىرى)** دېدى». (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان)

يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مَنْ عَادَ مَرِيضًا لَمْ يَزَلْ يَخُوضُ فِي الرَّحْمَةِ حَتَّى يَجْلِسَ، فَإِذَا جَلَسَ اغْتَمَسَ فِيهَا (كىمكى بىر كېسەلنى**

**يـوقلاش ئۆچـۈن ماڭسـا، تـا كىيسـەلنىڭ قىيشـىدا ئولتۇرغىچـە (خـۇددى سـۇغا چۆككەنـدەك) رەھمەتكـە چۆكـىدۇ، كىيسـەلنىڭ قىيشـىدا ئولتۇرغانـدا، (خـۇددى سـۇغا شـۇڭغىغاندەك) رەھمەتكـە شـۇڭغۇيدۇ)».** (بـۇ ھەدىسـنى ئىمـام ئەھمـەد ھەمـدە ئىبنـى ھىببان ئۆزىنىڭ «سەھىھ»ىدە رىۋايەت قىلغان)

# 24

كىيىم يوقلىغان چېغىڭىزدا، كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەبلىرىنى ئۇنتۇماڭ. ئۇشبۇ ئەدەبلەر كېسەل يوقلاشنىڭ كېسەلنى روھلاندۇرۇش، كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش، ئەلەملىرىنى يەڭگىللىتىش، سەبرى ۋە ساۋاب ئۈمىدىنى ئارتتۇرۇش قاتارلىقلاردا رول ئوينىشى ئۈچۈن، كېسەل يوقلىغۇچىدىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

كېسەل يوقلىغۇچىنىڭ كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرماسلىقى لازىمدۇر. چۈنكى، كېسەلنىڭ ئۇزۇن ئولتۇرۇشقا يول قويمايدىغان ئايرىم كېسەللىك ھالەتلىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، سالىھلار دەيدۇكى: «كېسەل يوقلاش گويا خەتىبنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ»، يەنى خەتىب ئاخۇننىڭ جۈمەنىڭ ئىككى خۇتبەسى ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا ئولتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ.

كېسەل يوقلا ئەدەب بىل، كۆپ ئولتۇرما قېشىدا،
كىرگىن دەرھال سالام قىل. قايتىش ئۈچۈن دۇئا قىل.

ساجىد

***

ئاغرىقنى يوقلاشنىڭ ئەدەبى سالام،
ئەسنادا بولماسلىق بەك ئۇزۇن كالام.

***

كېسەلنى يوقلاشنىڭ ئەڭ گۈزەل هالى،
كۈن ئاتلاش هەم يەنە ئۆزىن چاغلاشتۇر.
كۆپ سوراپ كېسەلگە بەرمەستىن ئازار،
تىلنى كۆپ كالامدىن ئوبدان ساقلاشتۇر.



هافىز ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر رەهىمەهۇللاھ مالىكىي فىقھىسى هەققىدىكى «ئەلكافىي» ئاتلىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئۆيگە زىيارەت ياكى كېسەل يوقلاش ئۈچۈن كىرسە، ساهىبخان باشلىغان يەردە ئولتۇرسۇن. چۈنكى، ئۆينىڭ بىئەپ تەرىپىنى ساهىبخان ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. كېسەل يوقلاش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. ئەڭ ئەۋزەل كېسەل يوقلاش ئەڭ قىسقا بولغىنىدۇر. يوقلاپ كىرگەن كىشى

كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرمىسۇن. مەگەركى ئۇ كىشى كېسەلنىڭ ئۆلپەتلىشىدىغان دوستى بولسا ۋە كېسەل خۇرسەن بولىدىغان بولسا، ئۇزۇن ئولتۇرسا بولىدۇ».

# 25

كېسەلنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ساقلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسى بولۇشى ئۈچۈن، كېسەل يوقلىغۇچىنىڭ كىيىمى پاكىز ۋە خۇش پۇراقلىق بولۇشى لازىمدۇر. ئەمما خۇددى زىننەت ۋە مۇراسىم كىيىملىرى بىلەن كىرسە ياخشى بولمىغاندەك، بەك كۈچلۈك خۇشپۇراق بىلەن كىرسىمۇ ياخشى بولمايدۇ. چۈنكى، كېسەل ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كۈچلۈك پۇراق كېسەلنى بىئارام قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزىدۇ.



كېسەل يوقلىغۇچى بىمار يېنىدا ئۇنى غەمگە سالىدىغان گەپلەرنى دېمەسلىكى لازىم. مەسىلەن، بىمارنىڭ ئالاقىسى بولغان بىرەر تىجارەتتىن زىيان چىققانلىقى ياكى بىرەركىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى، ياكى بىمار ئۈچۈن ئەرزىمەس بولغان خەۋەرلەر. بۇ گەپلەر بىمارنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدۇ ياكى غەمگە سالىدۇ، ياكى ساقلىقىغا، تۈيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كېسەل يوقلىغۇچى بىمارنىڭ كېسەللىكىنى كوچىلاپ

سورىسا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، كوچىلاپ سوراشنىڭ بىمارغا پايدىسى يوق (ھەتتا بەزىدە كېسەللىكنى دېيىش بىئەپ بولۇپ قالىدۇ)، ئەمما يوقلىغۇچى كىشى بىمارنىڭ كېسەللىكنى داۋالىيالايدىغان مۇتەخەسسىس دوختۇر بولۇپ قالسا، كوچىلاپ سورىسا بولىدۇ. يوقلاپ كىرگەن كىشى ئۆزىگە مەنپەئەت قىلغان ياكى مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان دورا ياكى ئوزۇقلۇقنى بىمارغا تەۋسىيە قىلسا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بىمار ئىشىنىڭ تەكتىنى بىلمىگەنلىكى ياكى ئاغرىقىنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن، تەۋسىيە قىلىنغان دورىنى ئىستېمال قىلىشى، نەتىجىدە دورا ئۇنىڭغا زەرەر قىلىشى ۋە دوختۇرنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكىنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن، ھەتتا بىمارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەگەر كېسەل يوقلىغۇچى ئىلىم ۋە ئىختىساس ئەھلىدىن بولمىسا، ئۇنىڭ كېسەلنىڭ ھۇزۇرىدا دوختۇرغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، كېسەلنى دوختۇر كۆرسەتكەن داۋالاش ئۇسۇلىدىن شەكلەندۈرۈشى توغرا بولمايدۇ.

## 26

ئەگەر سىز بىرەركىمگە بىر كۆڭۈلسىزلىك، بىر پاجىئەلىك ھادىسە ياكى بىرەر يېقىنىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسىڭىز، خەۋەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مۇمكىنقەدەر يەڭگىللىتىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەۋۋەلا ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى يېنىكلىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىڭ. مەسىلەن، بىر ۋاپات خەۋىرى بەرگەندە: «پالانىنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئىكەنلىكى ۋە ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاپات تاپقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!» دېسىڭىز بولىدۇ.

مۇسىبەت خەۋىرى يەتكۈزگەندە ھېلىقىدەك: «بىلەمسەن، بۈگۈن كىم ۋاپات تاپتى؟» دېگەن گەپلەرنى قىلماڭ، «بۈگۈن ئەجەل يېتىپتۇ، پالانىغا» دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ ئىشلەتمەڭ. بەلكى مۇسىبەت خەۋرىنى ئېيتىشتىن بۇرۇن باشتا ۋاپات تاپقۇچىنىڭ ئىسمىنى دەڭ. ئەگەر، سىز «بىلەمسەن، بۈگۈن كىم



ساجىدىن ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ۋاپات تاپتى؟» «بوۋاق ئەجەل يېتىپتۇ...» دېگەندەك تېپىشماق گەپ قىلسىڭىز، شۇ گېپىڭىز تۇيەيلى قارشى تەرەپنى دەررۇ تەرەپ - تەرەپتىن ۋەھىمە بېسىپ، قايسىدۇر ئاغرىق يېقىنى ياكى قېرى - ياش جان - جىگەرلىرىنى ئەسلەپ ئىچىنى تەشۋىش قاپلايدۇ، ناھايىتى ئەندىشە قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئەڭ باشتىلا: «بوۋاق پالانى ۋاپات تېپىپتۇ» دەپ، مەرھۇمنىڭ ئىسمىنى ئاتىسىڭىز، ئاڭلىغۇچىغا بېرىدىغان تەسىرى تۆۋەنلەيدۇ، ئەندىشىگە سېلىپ قويۇش بولمايدۇ، پەقەتلا قايغۇلۇق خەۋەرنىڭ ئۆزى قالىدۇ.



شۇنىڭدەك بىركىمنىڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى ياكى سۇدا غەرق بولغانلىقى، ياكى ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكچى بولسىڭىزمۇ، گەپ - سۆزىڭىزگە دىققەت قىلىشىڭىز لازىم. دېمەك، گەپنى مۇسىبەتنىڭ كۆڭۈلگە سالىدىغان قاتتىق تەسىرىنى يېنىكلەتكۈدەك شەكىلدە باشلاڭ ۋە مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىسمىنى سىلىق ئېيتىڭ. پاجىئەلىك خەۋەرنى دوستىڭىز، يېقىنىڭىز ياكى سۆھبەتدىشىڭىزغا ۋارقىراپ - چىرقىراپ دېمەڭ. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ يۈرىكى ئاجىز بولىدۇ، نەتىجىدە پاجىئەلىك خەۋەر

بىلەن قاتتىق ئەزىيەت چېكىدۇ، گاھىدا بۇ سەۋەبلىك قېتىپ قېلىشى ياكى ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇنداق پاجىئەلىك ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغىنىڭىزدا، خەۋەرنى سىلىق ئېيتىڭ.

خەۋەر بېرىشتە مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاڭ. نە تائام ئۈستىدە، نە ئۇخلاش ئالدىدا، نە كېسەل پەيتىدە ۋەياكى بىئارام بولۇپ تۇرغان چاغدا ئېيتماڭ. بۇ ئىشتا ھېكمەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇش سىزنىڭ ئەڭ گۈزەل زىننەتىڭىزدىن ھېسابلىنىدۇ. سىزگە ئاللاھ ئىگە بولغاي ۋە رىئايە قىلغاي!



ساجىدە

# 27

بىرەر يېقىنىڭىز ياكى ئەزىز ئادىمىڭىز ئۆز ئائىلىسىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈمى ياكى قايسىبىر قىممەتلىك كىشىسىنىڭ ۋاپاتى بائىس مۇسىبەتلىك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش[1]نى ئۇنتۇماڭ ۋە كېچىكتۈرۈپمۇ قويماڭ، ئۇنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش يېقىنچىلىق، دوست - بۇرادەرچىلىك ۋە مۇسۇلماندارچىلىق مەجبۇرىيىتىڭىزدۇر. ئەگەر مېيىتنى ئاخىرقى مەنزىلگىچە ئۇزىتىپ قويۇش ئىمكانىڭىز بولسا، شۇنداق قىلىۋېلىڭ. چۈنكى، سىز بۇ

(1) تەزىيە (**تعزية**): ئەرەب تىلىدا ۋە شەرىئەت ئىستېمالىدا: مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىنى سەۋرگە ئۈندەش ۋە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىش دېگەن بولىدۇ. ئىمام شىربىينىي ئېيتىدۇ: «تەزىيە دېمەك مۇسىبەتكە سەۋر قىلسا ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىدىغانلىقىنى دېيىش ئارقىلىق مۇسىبەتلىك كىشىنى سەۋرگە ئۈندەش، سەۋرسىزلىكنىڭ گۇناھىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، مېيىتكە مەغفىرەت تىلەش، ئاللاھقا مۇسىبەتلىك كىشىنىڭ مۇسىبىتىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش دېمەكتۇر». قاراڭ: «كۇۋەيت فىقھىي ئېنسىكلوپېدىيەسى». بىز كۆرۈپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتىمىزدىمۇ تەزىيە ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ گەپنى بۇ يەردە دەپ قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبى، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ مەنىسى «بىركىمنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ سۈكۈتتە تۇرماق» دەپ خاتا شەرھلەنگەن. بۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ تەزىيەسى ئەمەس. — ت.

ئارقىلىق چوڭ ئەجىرگە، يېتەرلىك نەسىھەتكە، شۇنداقلا ھەر جانىدارنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىنى ئەسلىتىدىغان بىر ساۋاققا ئېرىشىسىز.

سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«حق المسلم على المسلم خمس: رد السلام، وعيادة المريض، واتباع الجنائز (مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە بەش ھەققى بار: سالام قايتۇرۇش، كېسەل يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىش...)»**. (بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)



پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: **«عُودُوا المريضَ، واتَّبِعوا الجَنائِزَ تُذَكِّرْكُم الآخر (كېسەللەرنى يوقلاڭلار، جىنازىلارغا ئەگىشىڭلار، بۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ)»**. (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

# 28

قېرىندىشىڭىز، تۇغقىنىڭىز ياكى بىرەر تونۇشىڭىزغا تەزىيە بىلدۈرۈپ تەسەللىي بەرگەن چاغدا، ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىڭىزغا خۇددى جانابىي پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش دۇئا قىلىشىڭىز مۇستەھەبتۇر. جانابىي پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تەزىيە بىلدۈرگەن چاغدا مۇنداق دۇئا قىلغان: **«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لأَبِي سَلَمَةَ، وَارْفَعْ دَرَجَتَهُ فِي الْمَهْدِيِّينِ، وَاخْلُفْهُ فِي عَقِبِهِ فِي الْغَابِرِينَ، وَاغْفِرْ لَنَا وَلَهُ يَا رَبَّ الْعَالَمِينَ، وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ، وَنَوِّرْ لَهُ فِيهِ (ئى ئاللاھ! ئەبۇ سەلەمەگە مەغپىرەت قىلغىن، ھىدايەت يولىدا ماڭغان كىشىلەر ئارىسىدا دەرىجىسىنى ئالىي قىلغىن، قېلىپ قالغان بالىلىرى ئۈچۈن سەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغىن. بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭ قىلىپ بەرگىن ۋە نۇرلۇق قىلىپ بەرگىن)»**. (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

تەزىيەدە مۇسىبەتنىڭ تەسىرىنى يەڭگىللەتكۈدەك

گەپلەرنى قىلىسىڭىز ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسىبەتنىڭ ۋە مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشنىڭ ئەجرى، دۇنيا ھاياتىنىڭ تۈگەپ كۆرۈلۈش پانىي ئىكەنلىكى، ئاخىرەتنىڭ بولسا مەڭگۈلۈك باقىي ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى دېيىش.

شۇ ھەقتە كەلگەن بەزى ئايەتلەر، كەرىمەلەر ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى زىكىر قىلىسىڭىز، شۇنداقلا سەلەفلەرنىڭ بەزى پاساھەتلىك سۆزلىرىنىمۇ نەقىل قىلىسىڭىز ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنى زىكىر قىلىسىڭىز بولىدۇ: ﴿وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ﴾ (**بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ــ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغفىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**﴾

(«بەقەرە» 2/: 155 — 157).

﴿كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوۡنَ أُجُورَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ



ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

**فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ ۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ﴾** ﴿ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر﴾(3/«ئال ئىمران»: 185).

**﴿كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ وَيَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُو ٱلْجَلَٰلِ وَٱلْإِكْرَامِ﴾** ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾(55/«رەھمان»: 26، 27).



مەسىلەن، يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىگە ئوخشاش: «**اللهم أْجُرْنِي فِيْ مُصِيْبَتِيْ، وَأَخْلِفْ لِيْ خَيْرًا مِنْهَا** (ئى ئاللاھ! تارتقان مۇسىبىتىم ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگىن، ئۇنىڭ ئورنىنى ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن)» بولىدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

«**إِنَّ لِلَّهِ مَا أَخَذَ وَلَهُ مَا أَعْطَى، وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى** (ئاللاھ ئالغان بولسا ئۆزىنىڭكىنى ئالدى، بەرگەن بولسا ئۆزىنىڭكىنى بەردى. ئۇ ھەر نەرسىگە مەلۇم بىر مۇددەتنى بېكىتتى)». (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ساجىدە
ئىسلام ئەقىدىسى

يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا ئېيتقان ئۇشبۇ سۆزنى دېسىڭىزمۇ بولىدۇ: «**إِنَّ الْعَيْنَ تَدْمَعُ، وَالْقَلْبَ يَحْزَنُ، وَلَا نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى رَبُّنَا، وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ** (ھەقىقەتەن **كۆزىمىز ياش تۆكىدۇ، قەلبىمىز قايغۇرىدۇ، بىز پەقەت رەببىمىز رازى بولغاننىلا دەيمىز. ئەي ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن قايغۇرماقتىمىز**)». (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

سەلەف سالىھلەرنىڭ تەزىيە بارىسىدىكى سۆزلىرى ئىچىدە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆپ دەيدىغان بۇ سۆزىنى دېسىڭىز تېخىمۇ مۇناسىپ بولىدۇ: «ھەر كۈنى ‹پالانى ئۆلدى›، ‹پوكۇنى ئۆلدى› دېيىلىۋاتىدۇ، ‹ئۆمەر ئۆلدى› دېيىلىدىغان بىر كۈن چوقۇم كېلىدۇ».



كامىل خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئادەم ئاتىدىن باشلاپ ھەممە ئابا ـ ئەجدادى ئۆلگەن بىر ئىنسان ئەلۋەتتە چوقۇم ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزىنى؛ ئۇلۇغ تابىئىن ھەسەن بەسرىي رەھمەھۇللاھنىڭ: «ئى ئادەم بالىسى! سەن كۈنلەردىن ئىبارەتسەن، بىر كۈنۈڭ كەتسە، سېنىڭ بىر قىسمىڭ

كېتىدۇ» دېگەن سۆزنى ۋە يەنە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇئمىنگە جەننەتتىن باشقا راھەتنى قىلمىدى» دېگەن سۆزنى؛ ھەسەن بەسرىينىڭ شاگىرتى مالىك ئىبنى دىنار رەھىمەھۇللاھنىڭ: «تەقۋادارلارنىڭ تويى قىيامەت كۈنىدە بولىدۇ» دېگەن سۆزنى دېيىشىڭىز مۇناسىپ بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەر تەزىيەدە ئېيتىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان مەرسىيە قوشاقلار:

ئۆتكەن كۈنلەر بىزلەرنى،
ئېلىپ ماڭدى ئەجەلگە.

مەمنۇن بولدۇق كۈنلەردىن،
ئىشەنگەچكە ئەبەدكە.

***

تەزىيەمىز سىلەرگە دىنىنىڭ بۇيرۇقى،
ھاياتقا قىلچىلىك ئىشەنچىمىز يوق.

بىر مەزگىل ھاياتتا ياشىغان بىلەن،
ئاتىدۇ بىزنى ھەم ئەجەلدىن بىر ئوق.

***

ئۆيىقۇ دېگەن كىچىك بىر ئۆلۈم،
بۇ ئۆلۈمنى كۈندە ياشايمىز.
ئاخشام ئۆلۈپ سەھەر تىرىلىپ،
بىر كۈنلۈكى مەڭگۈ توختايمىز.

***

ھاياتلىقنى چىن تەسۋىرلىگەن شېئىر:
گوياكى بىز كېمە ئۈستىدە،
تۇيۇلىدۇ بىزگە جىممىدە.
ۋاقىتمۇ ئەسلىدە بىر كېمە،
ئېلىپ ماڭار بىزنى سەزمەستە.



يۇقىرىقى تەزىيەدە دېيىشكە ماس كېلىدىغان ئايەت ـ ھەدىسلەر ۋە باشقا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى زىكىر قىلىشىمىغا شۇ بائىس بولدىكى، بەزى شەخسلەرنىڭ يېقىن تۇغقىنى ياكى دوستىدىن جۇدا بولغان ھازىدارغا تەزىيە بىلدۈرگەندە، ئەسلىدىلا دىلى سۇنۇق ھازىدارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىگە ماس كەلمەيدىغان ھەدىسلەرنى قوللانغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ قىلىق ئىسلام ئادابىغا خىلاپتۇر.

## 29

مېھمىنىڭىز ياكى بىرەر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ قالغاندا، ئاۋازىڭىزنى سىلىق ۋە پەس قىلىشىڭىز، ئۇنىڭىزنى يەتكۇدەكلا كۆتۈرۈشىڭىز سۆھبەت ئادابىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. دەرھەقىقەت ئارتۇقچە يۇقىرى ئاۋاز سۆزلىگۈچىنىڭ ئەدەبسىزلىكى ۋە قارشى تەرەپكە قارىتا ھۆرمەتسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئەدەبكە دوست ياكى تەڭتۇش، تونۇش ـ ناتونۇش، كىچىك ـ چوڭ ھەممىنىڭ ئالدىدا رىئايە قىلىش لازىم. بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىدىكى كىشىلەر ئالدىدا ۋە ئۆزىڭىز ئۇلۇغ بىلىدىغان ئەكابىر ـ ئەشرەپ ئالدىدا ئۇشبۇ ئەدەب تېخىمۇ بەك تەكىتلىنىدۇ. مەزكۇر ئەدەبكە ئۇندەيدىغان بەزى ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئوقۇپ بېقىڭ:

مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە لوقمان ھەكىم (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە: ﴿**وَٱغۡضُضۡ مِن صَوۡتِكَۚ**﴾ ﴿**ئاۋازىڭنى پەس قىل**﴾(«لوقمان»: 31/19) دېيىلگەن. يەنى كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئاۋازىڭنى پەس قىل، يۇقىرى كۆتۈرمە،

ئاۋازنى زىيادە كۆتۈرۈش يامان ۋە قەبىھ ئىشتۇر.

سەھىھۇلبۇخارىي **(صحيح البخاري)** دا: «ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: قۇرئاندىكى: **﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيْنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ① يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَرۡفَعُوٓاْ أَصۡوَٰتَكُمۡ فَوۡقَ صَوۡتِ ٱلنَّبِيِّ وَلَا تَجۡهَرُواْ لَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ كَجَهۡرِ بَعۡضِكُمۡ لِبَعۡضٍ أَن تَحۡبَطَ أَعۡمَٰلُكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ② إِنَّ ٱلَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصۡوَٰتَهُمۡ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱمۡتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡ لِلتَّقۡوَىٰۚ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٌ عَظِيمٌ﴾ ئى ئىمان ئېيتقانلار!** سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ

**قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى ئاللاھ تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان. ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ﴿** (49/«ھۇجۇرات»: 1 - 3) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر سۆزنى دېمەكچى بولسا، پىچىرلىغاندەك دەيتتى، ئۆمەر ئاۋازىنى بەك پەس قىلغانلىقتىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلىيالماي (قايتا) سوراشقا مەجبۇر بولاتتى».

ئىمام زەھەبىي رەھىمەھۇللاھ تابىئىن ۋە كاتتا فەقىھ ئىماملاردىن بىرى بولمىش مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلغان: «مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئانىسىنىڭ قېشىدا بەك تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇبادا تونۇمىغان بىر ئادەم ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىدىكى چاغدا كۆرۈپ قالسا، ئۇنى كېسەلمىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتى»[1].

ئىمام زەھەبىي يەنە ئىمام ئىبنى سىرىننىڭ شاگىرتى ۋە مەشھۇر ئىماملاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئەلبەسرىينىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلغان: «بىر قېتىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئەلبەسرىينى



(1) زەھەبىي: «تارىخۇلئىسلام»، 4/197.

ئانىسى تۇۋلىغان، جاۋاب بەرگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى ئانىسىنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى چىقىپ كېتىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنسىرەپ كېتىپ ئىككى قۇل ئازاد قىلغان»[1].

كۇفەلىك مەشھۇر قىرائەت ئىمامى ئاسىم ئىبنى بەھدەلە دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى (خەلىفە) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم. بىر كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا گەپ قىلىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇ: ‹توختا، توختا! گەپنى يېنىڭدىكى قېرىندىشىڭ ئاڭلىغۇدەك دېسەڭ كۇپايە› دېدى»[2].



(1) زەھەبىي: «تارىخۇلئىسلام»، 6/213.

(2) ئابدۇلقادىر بەدران: «**تهذيب تاريخ دمشق لابن عساكر**»، 7/123.

# 30

سۆھبەت ئادابىدىن يەنە بىرى: ئەگەر سۆھبەتدىشىڭىز سىزنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ بىرەر گەپ ياكى بىر ھەدىسنى دېسە، ئەگەر سىز بىلسىڭىزمۇ، بىلىدىغانلىقىڭىزنى چاندۇرۇپ سۆھبەتدىشىڭىزنى خىجىل قىلماڭ ۋە گېپىگە قوشۇق سالماي، ئۆزىڭىزنىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرۇڭ. كاتتا تابىئىن ئىمام ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ: «بەزى ياشلار ماڭا ھەدىسلەرنى سۆزلەپ كېتىدۇ، ئاڭلاپ باقمىغاندەك قۇلاق سېلىپ تۇرىمەن. ھالبۇكى، مەن ئۇ ھەدىسلەرنى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاڭلاپ بولغانمەن» دېگەن.

خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە خەلىفە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكلەرنىڭ يېقىن ئۇلپىتى خالىد ئىبنى سەفۋان ئەتتەمىمىي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر مۇھەددىسنىڭ سەن ئاڭلىغان بىر ھەدىس ياكى سەن بىلىدىغان بىرەر خەۋەرنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، يېنىڭدىكىلەرگە ئەتەي ئۆزۈڭنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە، سۆزىگە ئارىلىشىۋالما،

چۈنكى بۇنداق قىلىش يەڭگىللەتەكلىك ۋە بىئەدەبلىكتۇر».

ئىمام مالىك، لەيس ئىبنى سەئد ۋە سۇفيان سەۋرىيلەرنىڭ شاگىرتى بولمىش كاتتا ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئەلقۇرەشىي ئەلمىسرىي دەيدۇ: «مەن بەزى كىشىلەردىن ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاڭلاپ بولغان ھەدىسلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن. شۇنداقتىمۇ گويا ئاڭلاپ باقمىغاندەك جىم تۇرىمەن».

ئىبراھىم ئىبنى جۇنەيد دەيدۇكى، بىر دانا ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «ياخشى سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك، ياخشى ئاڭلاشنىمۇ ئۆگەن. ياخشى ئاڭلاش دېمەك سۆزلىگۈچى ساڭا سۆزنى يەتكۈزۈۋالغۇچە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىشىڭ، يۈز - كۆزۈڭنى ئۇنىڭغا قارىتىشىڭ، سەن بىلىدىغان بىر گەپ بولغان تەقدىردىمۇ قوشۇق سالماسلىقىڭدۇر».



ھافىز خەتىب ئەلباغدادىي بۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر توقۇغان:

كىشىنىڭ سۆزىگە قوشۇق سالمىغىن،
گەر ياخشى بىلسەڭمۇ تارتىپ ئالمىغىن.

ساجىدە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# 31

سۆھبەت ئادابىدىن يەنە بىرى: سۆھبەتدىشىڭىزنىڭ سۆزىدىن بىرەر تەرەپنى چۈشەنمەي قالسىڭىز، سۆزى تۈگىگۈچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. تۈگىگەندىن كېيىن ئەدەب بىلەن، گۈزەل بىر كىرىش قىلىپ سىلىقچە سوراڭ، سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى بۆلۈۋەتمەڭ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئاڭلاش ئادابىغا نۇقسان چۈشۈرىدۇ ۋە كۆڭۈلدە بىزارلىق پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، ئەگەر سورۇن دەرس سورۇنى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ھۆكمى باشقىدۇر. دەرس سورۇنىدا سوئال ۋە مۇنازىرە مۇئەللىم شەرھلەۋاتقان جۈملە ياكى مەنا ئاياغلاشقان چاغدا بولسا ياخشى بولىدۇ. مۇنازىرىنىڭ ئەدەب ۋە پاراسەت بىلەن بولمىقى لازىمدۇر. خەلىفە مەئمۇن: «مۇنازىرە ئاساسىدا ئۆگەنگەن ئىلىم تەقلىد ئاساسىدا ئۆگەنگەن ئىلىمدىن پۇختىراقتۇر» دېگەن.

تارىخچى ۋە ئەدەبىياتچى ئالىملاردىن بىرى، شۇنداقلا خەلىفە ئەبۇجەئفەر مەنسۇر، خەلىفە مەھدىي، خەلىفە ھادىي ۋە خەلىفە رەشىد قاتارلىقلارنىڭ يېقىن ئۆلپىتى

بولغان ھەيسەم ئىبنى ئەدىي مۇنداق دېگەن: «دانالار ئېيتىدۇكى: ‹كىشىنىڭ سۆزىنى توختىتىش ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىش ۋە سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش بەتئەخلاقلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر›».

# 32

سۆھبەت ئادابىدىن يەنە بىرى: ئەگەر يېنىڭىزدىكى ئادەمدىن سوئال سورالسا، سىز جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماڭ، سىزدىن سورالمىغۇچە بىرنەرسە دېمەسلىكىڭىز لايىقتۇر. شۇنداق قىلسىڭىز ئەدەبنى ساقلىغان بولسىز ھەمدە قەدىر - قىممىتىڭىز ئېشىپ، ماقامىڭىز ئۈستۈن بولىدۇ.

ئۇلۇغ تابىئىن مۇجاھىد ئىبنى جەبىر ھېكايە قىلىدۇكى، لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «باشقىلاردىن سوئال سورالسا، گويا بىر غەنىيمەت كېلىپ قالغاندەك ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىشتىن ھەزەر ئەيلە. ئەگەر سەن شۇنداق قىلىپ قالساڭ، سوئال سورالغۇچىنى كەمسىتكەن بولىسەن، سورىغۇچىغا توغلۇق قىلغان بولىسەن، ئەقىلسىزلەرگە ئۆزۈڭنىڭ پاراسەتسىزلىكىڭنى ۋە ئەدەبسىزلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويغان بولىسەن».

ھەنبەلىي فەقىھ ۋە مۇھەددىس شەيخ ئىبنى بەتتە

مۇنداق دېگەن: «مەن (هافىز، ئەللامە ۋە تىلشۇناس) ئىمام ئەبۇ ئۆمەر زاهىدنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، ئۇنىڭدىن بىر مەسىلە سورىلىپ قالدى. مەن ئالدىراپلا سورىغۇچىغا جاۋاب بېرىۋىدىم، ئەبۇ ئۆمەر زاهىد ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ: ‹ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىۋالمىساڭچۇ؟!› دېدى. مەن بەك خىجىل بولۇپ كەتكەنىدىم».



ساجىيە
ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

## 33

مۇسـلىمە ھەمشـىرەمگە ۋە مۇئمىنـە قىزىمغـا قىسـقىچە بىـر سـۆز: ئاتـا ـ ئانـا، يېقىنلىرىڭىزنـى ياكـى بـەزى مۇئمـىـن دوسـتلىرىڭىزنى زىيـارەت قىلماقچـى بولسـىڭىز، زىيارەتكـە مـاس كـۈن ۋە ۋاقىتنـى سـائەتلىرىگىچە ياخشـى كېلىشـىڭ. زىيـارەت ئـەپ كېلىدىغان ۋاقىـتلار بولغىنىدەك، ھەتتـا ئاتـا ـ ئانىڭـىز، دوسـت ـ يارەنلـەر ئـارا زىيـارەت ئەپسىز ۋاقىتلارمۇ بار.



زىيارىتىڭـىز يېقىملىـق ۋە ھۇزۇرلـۇق بولسـۇنكى، ئېغىرچىلىـق سـالىدىغان، مـالال يەتكۈزىدىغـان بولـۇپ قالمىسـۇن ھەمـدە بىمەنـە ۋە ئۇزۇنمـۇ بولمىسـۇن. ئالاقـە قىسـقا، قىزغـىـن بولسـا كۆڭۈلگـە ياقـىدۇ، ئـۇزۇن، مـالال يەتكۈزىدىغـان بولسـا كۆڭۈلگـە ياقمايـدۇ ۋە پـاراڭ ئەھمىيەتسـىز تېملارغـا يۆتكىلىـپ كېتىـدۇ. كاتتـا تابىئـىـن مۇھەممـەد ئىبنـى شـىھاب ئەززۇھرىـي: «سـورۇن ئۇزىـراپ كەتسـە، سـورۇندا شـەيتاننىڭ بـىـر نېسۋىسـى بولـۇپ قالىدۇ» دېگەن.

ساجىيە

زىيارەت جەريانىدىكى پاراڭلىرىڭىز پايدىلىق ئىشلار ھەققىدە بولسۇن، غەيۋەت - شىكايەت، سۇخەن سۆز ۋە بىھۇدە قۇرۇق گەپلەر ئارىلىشىپ قالمىسۇن. چۈنكى، ئاقىل مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۇنداق بىمەنە ئىشلارغا ۋاقتى يەتمەيدۇ.



ساجيده

# 34

كىچىدە ياكى كۈندۈزدە بىر يەرگە كىرسىڭىز، ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقانلار بولۇپ قالسا، ئۇلارغا دەخلى قىلماڭ، ھەرىكەتلىرىڭىز مۇلايىم، تاۋۇش - تىۋىشلىرىڭىز ۋە كىرىش - چىقىشلىرىڭىز سىلىق - سىپايە بولسۇن، قوپال بولماڭ. يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: **«كىمكى مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قالىدىكەن، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ»** دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىڭىز. كاتتا ساھابە مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈتتىن نېسىۋە ئېلىپ قوياتتۇق. ئۇ زات كېچىدە كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغىنىپ كەتمىگۈدەك، ئويغاق ئادەم ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا سالام قىلاتتى». (مۇسلىم ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان) 

يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە تەھەججۇدقا تۇرسا، ئويغاققا تەسكىن بېرىدىغان، ئۇخلىغاننى ئويغىتىۋەتمەيدىغان بىر ئاۋازدا قىرائەت قىلاتتى.

## 35



بىرەر نىكاھ ياكى تويغا چاقىرىلسىڭىز قاتنىشىڭ. ھارام ئىشلار بولمىسىلا، نىكاھ ياكى تويغا قاتنىشىش سۈننەتتۇر. چۈنكى، ھەق ئىسلام شەرىئىتى نىكاھنى تائەت ـ ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن قىلغان. شۇڭلاشقا، فەقىھلەر ئىتتىپاقىدەك، نىكاھنى مەسجىدتە قىلىش مۇستەھەبتۇر. ھەدىس شەرىفتە مۇنداق كەلگەن: **«أَعْلِنُوا هَذَا النِّكَاحَ وَاجْعَلُوهُ فِي الْمَسَاجِدِ وَاضْرِبُوا عَلَيْهِ بِالدُّفُوفِ (بۇ نىكاھنى خالايىققا ئېلان قىلىڭلار، ئۇنى مەسجىدتە قىلىڭلار، داپلارنى چېلىڭلار)»**. (تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

مەزكۇر ھەدىسنى: **«أَعْلِنُوا النِّكَاحَ** (نىكاھنى خالايىققا ئېلان قىلىڭلار)» (ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسمۇ يەنە: **«فَصْلُ ما بينَ الحلالِ والحرامِ: الصوتُ والدُّفُّ في النكاح (ھالال (نىكاھ) بىلەن ھارام (زىنا) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نىكاھتا سۈرەن سېلىش ۋە داپ چېلىشتۇر)»**. (ئەھمەد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى) دېگەن ھەدىسمۇ قوللايدۇ.

دېمەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىكاھنى ئېلان قىلىش ۋە جاكارلاش، نىكاھ خەۋىرىنى يېقىن - يىراق ھەممە كىشىنىڭ ئارىسىدا يېيىش ئۈچۈن، نىكاھتا داپ چېلىشقا رۇخسەت قىلغان. بۇ رۇخسەتنىڭ ئاياللارغا قارىتا ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، بەزى ئالىملارنىڭ نەزەرىدىكى سەھىھرەك قاراشتا بۇ رۇخسەت ئەرلەرگىمۇ قارىتىلغاندۇر. شەرىئەتنىڭ نىكاھنى ئېلان قىلىشتا بەزى ئۈستۈن مەقسەتلىرى بار بولۇپ، شۇلاردىن بىرى، ناپاك ھارام جۈپلىشىش بىلەن پاك ھالال جۈپلىشىشنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتۇر. شۇڭا، يۇقىرىدا ئۆتكىنىدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالال (نىكاھ) بىلەن ھارام (زىنا) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نىكاھتا سۈرەن سېلىش ۋە داپ چېلىشتۇر» دېگەن. ئالىملار ئۇشبۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: ھەدىستىكى «**الصوت** / سۈرەن سېلىش»نىڭ مەنىسى: نىكاھنى ئېلان قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا نىكاھنىڭ گېپى بولۇشى، شۇنداقلا نىكاھتا ھەر خىل شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن ئاياللارنىڭ تەنتەنە قىلىپ شادلىق سادالىرىنى چىقىرىشى، ئەرلەرنىڭ ھەر

خىل كۈيلەرنى ئېيتىشى قاتارلىقلاردۇر.

ئەگەر سىز نىكاھقا قاتناشسىڭىز ئېلان قىلىش شەرتى ئورۇندالغان بولىدۇ، نىكاھ گۇۋاھلىقى زىيادە چىڭىيىدۇ، ياخشى ئىشتا مۇئمىن قېرىندىشىڭىز ياكى مۇئمىنە هەمشىرىڭىزگە هەمكارلاشقان بولىسىز، (بۇ شۇنداق بىر ياخشى ئىشكى، شۇ ئارقىلىق ئىككىيلەنىڭ هەربىرى دىنىنىڭ يېرىمىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ، قالغان يېرىمىدا ئاللاهقا تەقۋادار بولغاي!) شۇنداقلا يېقىن - يورۇق، سالىھە - سالىھە دوستلارنىڭ توي تەنتەنىسى ۋە ئېزگۈ تىلەكلىرى بىلەن بۇ بىر جۈپلەر هۆرمەت تاپىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق هەقلىرى قاتارىدىندۇر.



بىر نىكاھ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتنىششقا بۇيرۇغان خەيرلىك بىر چاقىرىق، مەشرۇ بىر خۇشاللىق مۇراسىمغا شاھىد بولىدىغانلىقىڭىزنى كۆڭلىڭىزگە كەلتۈرۈڭ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەنىلەرگە رىئايە قىلىڭ ۋە بۇ قۇتلۇق ئۇچرىشىش ئۈچۈن شەرىئەتكە ئۇيغۇن گۈزەل ياسىنىڭ. چۈنكى، ساھابەلەرمۇ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىر - بىرىنى يوقلاشقاندا

گۈزەل ياسىناتتى. ئەگەر سورۇندا سۆز قىلماقچى بولسىڭىز، سورۇنغا ۋە سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ئۇيغۇن سۆزلەڭ، قاتناشقۇچىلارنى پاراكەندە قىلىدىغان ياكى قۇلاققا ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلماڭ. مۇئمىن دېگەن هوشيار بولىدۇ.

تويى بولغان قىز ـ يىگىتنى پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئۇشبۇ دۇئاسى بىلەن تەبرىكلىشىڭىز مۇستەهەبتۇر: **«بَارَكَ اللهُ لَكَ وَبَارَكَ عَلَيْكَ وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِيْ خَيْرٍ (ئاللاھ سىزگە بەرىكەت بەرسۇن، ئۈستىڭىزگە بەرىكەت ياغدۇرسۇن ۋە ئىككىڭلارنى ياخشىلىقتا جەم قىلسۇن!)»**. (ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە هاكىم رىۋايىتى؛ تىرمىزىي «سەهىھ» دېگەن)

(بۇنى تاشلىۋېتىپ) بەزى كىشىلەر قوللىنىدىغان **«بالرفاء والبنين** / ئىجىل ـ ئىناق ۋە كۆپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ كېتەرسىلەر!)» دېگەن تەبرىك سۆزلىرىنى قوللانماڭ. چۈنكى، ئۇ جاهىلىيەت ئەهلىنىڭ تەبرىك سۆزلىرىدىندۇر. هالبۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەزكۇر تەبرىك سۆزلىرىدىن توسقان ۋە ئاللاھ تائالا جانابىي پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى دۇئاسى ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭدىن بىهاجەت قىلغاندۇر. سۈننەت

دۇئـالار قاتارىـدا: «**بَارَكَ اللهُ لَكُمْ وَبَارَكَ عَلَيْكُمْ (ئاللاھ سىلەرگە بەرىكـەت بەرسـۇن ۋە ئۆسـتۈڭلارغا بەرىكـەت ياغدۇرسـۇن!)**» دېگـەن دۇئامـۇ بـار. (نەسـائىي ۋە ئىبنـى ماجـە رىۋايـەت قىلغان).

ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنـدۇ: «پەيغەمبـەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مېنـى ئەمرىگـە ئالغانـدىـن كېيىـن، ئانـام مېنـى ئەكىلىـپ، قـورۇ ئىچىگـە كىرگـۈزدى. قارىسـام، ئۆيـدە ئەنسارلاردىن بىرقانچە ئايال بـار ئىكەن. ئۇلار: ‹خەيـر ۋە بەرىكـەت ئۈسـتىگە كەلگەيسـىز، بەخـت ئۈسـتىگە كەلگەيسىز!› دېدى». (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)



ھـەق شـەرىئەت تويـدا ئاياللارنىـڭ مۇبـاھ ناخشـىلارنى ئېيتىشـىغا ۋە داپ چېلىـپ گـۈزەل شـېئىر، قوشـاقلارنى ئوقۇشـىغا رۇخسـەت قىلدى. لېكىن، ئىشـق ـ مۇھەببەتنى، بىراۋنىـڭ ھۆسـن ـ جامالـى، مەڭزلىـرى، قـەددى ـ قامىتى ۋە نازۇكەرەشمىسـىنى كۆيلەشـكە بولمايـدۇ. ھـەق شـەرىئەت يەنـە ئاياللارنىـڭ تـوي شـادلىقىنى ئىزھـار قىلىدىغـان قىزنىقارلىـق پاكىـز سـۆزلەرنى دېيىشـىگە رۇخسـەت قىلـدى. ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنـدۇ: «بىـر تويـدا كېلىـن ئەنسـار كۈيەۋنىـڭ ئۆيىگـە

يۆتكەپ مېڭىلىۋىدى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ‹**يَا عَائِشَةُ، مَا كَانَ مَعَكُمْ لَهْوٌ؟ فَإِنَّ الأَنْصَارَ يُعْجِبُهُمُ اللَّهْوُ**(ئەي ئائىشە! سىلەرنىڭ (توي تەنتەنىسى ئۆچۈن) بىرەر ئويۇن - تاماشاڭلار يوقمۇ؟! ئەنسارلار (يەنى مەدىنە ئەھلى) ئويۇن - تاماشانى ياخشى كۆرىدۇ)». (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان) پەيغەمبىرىمىز ئويۇن - تاماشادىن ناخشا ئېيتىش ۋە داپ چېلىشنى مەقسەت قىلغان.

هافىز ئىبنى ھەجەر «فەتھۇلبارىي (فتح الباري)»دا مۇشۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە ئېيتۇركى، تەبەرانىينىڭ «ئەلئەۋسەت» (**الأوسط**) ئاتلىق كىتابىدا (بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدىن) شەرىكنىڭ يەنە ھەزرىتى ئائىشەدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— **داپ چېلىپ، ئۆلەڭ ئېيتىدىغان بىرەر قىزنى كېلىنچەك بىلەن بىللە ئەۋەتكەن بولساڭلارچۇ! — دېدى**. مەن:

— ئۇ قىز ئۆلەڭ ئېيتىپ نىمە دەيدۇ؟ — دېۋىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى:

— **مۇنداق دەيدۇ:**

**أتيناكم أتيناكم** **فحيانا وحياكم**

**لولا الذهب الأحمر** **ما حلت بواديكم**

**ولولا الحبة السمراء** **ما سمنت عذاريكم**

كەلدۇق مانا، كەلدۇق مانا،
ياشنايلى بىز ۋە ياشناڭلار.
بولمىسا سېرىق ئالتۇنۇڭلار،
كىشى كۆرمەس بۇ ۋادىڭلار.
بولماي قارا بۇغدىيىڭلار،
سەمرىمەس ھەم قىزلىرىڭلار.



دېمەك، ئاياللارنىڭ ناخشىسى مۇشۇنداق پاكىز، قىزىقارلىق مەزمۇنلاردا بولسا بولىدۇ. ئەمما ئىشق ـ مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە شاللاق مەزمۇنلار چەكلەنگەندۇر، ھارامدۇر.

مانا بۇلار بىر بۆلۈك ئىسلام ئەدەبلىرىدۇر. بۇلار شەرەپلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز تۇتۇپ ماڭغان ئەدەبلەردۇر.

مەن ئۇنى ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيمەن ۋە ھايات يولىدىمۇ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىڭىز ئۈچۈن، سىزگە چۈشىنىشلىك روشەن ئىبارىلەر بىلەن تەقدىم قىلدىم. بۇ ئەدەبلەرگە ئەمەل قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى مەيدانى ئۆز ئۆيىڭىز ۋە قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئۆيىدۇر، زاتىڭىزدۇر ۋە قېرىنداشلىرىڭىزدۇر. ھەرگىزمۇ «ئائىلىدە، يېقىن - يورۇق قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىدا تەكەللۇپ بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىڭىز بىلەن قېرىنداشلىرىڭىز ئارىسىدا ئۇشبۇ ئادابنىڭ رىئايىتىگە سەل قارىماڭ. چۈنكى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز ۋە سىلىق مۇئامىلىڭىزگە ئەڭ لايىق كىشىلەر دەل سىزنىڭ ئائىلىڭىز ۋە يېقىن - يورۇقلىرىڭىزدۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! كىشىلەر ئىچىدە ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئاناڭ، ئاندىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن قالسا داداڭ، ئاندىن قالسا ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭ»** دېدى. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەي قېرىنداش! ياخشىلىق قىلىشىڭىزغا ئەڭ لايىق كىشىگە سەل قاراپ، باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇشتىن

ھەزەر ئەيلەڭ! ئەگەر شۇنداق قىلىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئالدىغان بولىسىز، ئۆستىڭىزدىكى ھەقنى زايە قىلغان ھەمدە سەييىدىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىدىن يىراقلاشقان بولىسىز. ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئەدەبلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭ. ئاللاھ سالىھلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەزل - كەرەمى بىلەن سىزنى، ئەقرىبالىرىڭىزنى ۋە يارەنلىرىڭىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشىڭىز ۋە ئىتائەت قىلىشىڭىزغا، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش ۋە ئۇ زاتنى چىن دوست تۇتۇشىڭىزغا ياردەم بەرگەي! ئاللاھ سەييىدىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى، ساھابەلىرىگە رەھمەت قىلغاي ۋە سالامەت قىلغاي! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.



دۇئالىرىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ يازغۇچى:

ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇدد

ISBN: 978-1-959397-71-7
9 781959 397717